● XINJIANG CIVILIZATION ● XINJIANG CIVILIZATION ●



● XINJIANG CIVILIZATION ●

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

3

1993



چۈنچىدە

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

42 - يىل نەشرى

قوش ئايلىق ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ژۇرنال

1993 - يىل 3 - سان ( ئومۇمىي 202 - سان )


## بۇ سانىدا


ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان سەنئەت ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز ...................... غوپۇر ئابدۇللا ( 2 )

ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى ........ زۇنۇن باقى ( 79 )


### ئەدەبىيات گۈلزارى


قىسىلغان لەۋلەر .............. ( ھېكايە ) .............. ئارسلان ( 5 )

ئانا .............................. ( شېئىر ) .............................. تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ( 14 )

مەسىلىلەر ................................................................................ ئەخەت ھاشىم ( 36 )


### مۇھاكىمە


ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر نەزەر .................... ئابلەت ئۆمەر ( 17 )

ئەقلىي زىيادىلىك ۋە ئەقلىي كەملىك توغرىسىدا .................... ئىسلامجان شېرىپ ( 41 )


### سەھنە ئەسەرلىرى


ھەسەتخور .............................. ( ئېپىزوت ) ئابلىكىم ئابدۇكېرىم ( 67 )

ناخشا تېكىستلىرى ................................................ تۇرغان شاۋدۇن ( 71 )


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


پەرزەنت .................. ( ھېكايە ) .................. ئەزىز نەسىن ( 76 )


### دۇنيادىكى مىللەتلەر


يەھۇدىي مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا .................... ئابدۇقەييۇم مۇسا ( 72 )


مۇقاۋىدا : ئۇسسۇلچى قىز . ئادىل مۇھەممەت فوتوسى . رەسسام ۋە خەتتات : ئابدۇشۈكۈر كېرىم ، ئىسمائىل ئىبراھىم ( تەكلىپ قىلىنغان ) . گۈزەل سەنئەت تەھرىرى : رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر : مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر : قۇربان مامۇت ، ساتتار توختى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا ئېدىتورى : سائادەت ئابلەت

# ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان سەنئەت ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆز

(ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

غوپۇر ئابدۇللا

1993-يىلى 3-ئاينىڭ 9-كۈنى

يولداشلار:

بەش كۈن داۋاملاشقان ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان سەنئەت ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى بۈگۈن ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. مەن بۈگۈن ئاساسلىقى يولداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ۋە تونۇشۇش ئۈچۈن كەلدىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، تىياتىر (نومۇر) لار مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ-چوڭ سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە موكاپاتقا ئېرىشىپ، شىنجاڭنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. ئاپتونوم رايونىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈردى. ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرى ۋە كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئىنتىلىپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ، بىرلىشىپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەردىن ۋە سىلەر ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

بۇ قېتىمقى سەنئەت ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە چاقىرىلدى. بۇ يىغىن، يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە چاقىرىلغان كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان يىغىن ھېسابلىنىدۇ. ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، بەھۇزۇر سۆزلىشىپ، ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زور پىلانى ئۈستىدە كېڭەشتى. يىغىن قىزغىن بولدى ۋە ۋاقتىدا ئېچىلدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ يىغىن ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىجادىيەت خىزمىتىدە زور بۇرۇلۇش ۋە بۆسۈش بولىدۇ، مەدەنىيەت سەنئەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش يېڭى ۋەزىيىتى جەزمەن بارلىققا كېلىدۇ.

تۆۋەندە مەن بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

**بىرىنچى، تونۇشنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش لازىم.** سەنئەت ئىجادىيىتى پۈتكۈل سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى نېگىزلىك ھالقا، سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بىز سەنئەت ئىجادىيەت خىزمىتىنىڭ

مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، «سەنئەت ئىجادىيىتىنى مەركەز قىلىش» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، سەنئەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سەنئەت ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، ئىجادىيەت پىلانىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھەقىقىي ئۈنۈم ۋە يۈسۈش ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدە يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مەدەنىيەتكە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلار سەنئەت ئىجادىيىتى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى بۇ خىزمەتنى باشقۇرىدىغان رەھبىرىي يولداشلار ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى ئىجادىيەت خىزمىتىنى تۇتۇشقا قارىتىشى لازىم. مەدەنىيەت تارماقلىرى پىلان، مالىيە، باج، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئېنىق بەلگىلىگەن مەدەنىيەت ئىقتىسادىغا دائىر سىياسەتلەرنى ئالاقىدار تارماقلار ئىمكان قەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنى تەدرىجىي كۆپەيتىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

**ئىككىنچى، مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئازادە، تىنچ، ساغلام مۇھىت يارىتىپ بېرىش** لازىم. مەدەنىيەتكە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلار مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى ۋە ياخشىلىشى، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم. مەدەنىيەتكە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلار خىزمەت ئۇسلۇبىنى، فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى، بۇرۇنقىدەك ھەممىنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالىدىغان باشقۇرۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىگە سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىشى، سەنئەت ئىجادىيەت يولىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تېمىسى، مەزمۇنى ھەم سەنئەت شەكلى، بەدىئىي ئۇسلۇبى جەھەتلەردە سەنئەتكارلارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنىڭ نېمىنى يېزىشى، نېمىنى ئوينىشىغا ئالاقىدار تارماقلار «ئارىلىشىۋالماسلىق» ى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز مول، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەت مەدەنىيەت سەنئەتچىلىرىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي سېھىر كۈچى بار تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىجاد قىلىشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچى، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.** بىز پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى، مەدەنىيەت، سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ

قىلىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا مەدەنىيەت، سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى رەھبەرلىكى بولغان پىلانلىق ھالدا پائال ئىلگىرى سۈرۈپ ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تۆتىنچى، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش كېرەك.** ھەر مىللەت ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور كۈچ بىلەن يار يۆلەكتە بولۇش ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش سەنئەتكارلارنى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتۇپ، كەسپىي قوشۇن ۋە ئىشتىن سىرتقى قوشۇن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھەر مىللەتنىڭ ئىجادىيەت قوشۇنىنى بەرپا قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلار سەنئەتكارلارنىڭ دەردىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشى، تەمىناتىنى ياخشىلىشى، سەنئەت ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئوبدان خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم. مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت خادىملىرىنى ۋە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان سەنئەت خادىملىرىنى ئالاھىدە مۇكاپاتلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش، ئۇلارنىڭ نامىنى چىقىرىش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت مۇكاپات فوندى جەمئىيىتىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى تېزراق مۇھاكىمە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئومۇمەن، بىز تىرىشىپ شەرت شارائىت يارىتىپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆز ئەقىل پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان، تۆھپە يارىتىدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك رايون. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار. مەن ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىنتىلىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ، شۇنداقلا دۇنيادىكى باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئەيىنەك قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت-سەنئەت ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىمىزدا ھەممە گۈللەرنى تەكشى ئېچىلدۇرۇپ خۇش پۇراق چاچقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىر يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. يېڭى ۋەزىيەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويماقتا. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، تېخىمۇ روھلىنىپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت!



# قەرلىغان ئۇۋلار



(ھېكايە)

**ئارسلان**

ئەخمەت تاماكا ئىسنى يېيىلىپ كېلىۋاتقان ياز گۈگۈمىنىڭ قوينىغا قاتتىق پۈۋلىدى، كۆزى بولسا سول تەرەپتىكى چاتقالدىن ئۈزۈلمەيتتى. چاتقاللىقتا گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن غۇنچە بويلۇق بىر قىز ئېگىززەك بىر يىگىت بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغىلى خېلى بولغان ئىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدى. ياشلىقتىكى ھەۋەسلىرىنىڭ كەچمىش كۆللىرى تەكتىدە قالغان چوغلىرى قايتىدىن يېلىنجىدىمۇ، ياكى باياتىنقى باشلىقنىڭ ئۆيىدە ئىچكەن ئىككى رومكا ھاراقنىڭ كارامىتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى. تاماكا قالدۇقىنى چۆرۈۋەتتى، قانسىز لەۋلىرىنى شوراپ چىشلىدىدە دەلدۈگۈنۈپ ئۇلار تەرەپكە چامدىدى. تۆت، بەش قەدەم مېڭىۋىدى، ئۇڭ تەرەپتىكى دەرەخلىك ئارىسىدىكى چىغىر يولدىن بىرى پاكار، بىرى ئېگىز ئىككى لۈكچەك چىقىپ قالدى. ئەخمەت ئۇلارنى كۆرۈپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاغزىدا ئاچچىق تەم سېزىلگەندەك قىلغاچقا چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ يەرگە «چىرت» قىلىپ تۈكۈرۈۋېتىپ يولنى داۋام-

لاشتۇردى. ھېلقى لۈكچەكلەر مەست بولغاي، ياكى جېدەلنى سېتىۋالدىغان ئۇششۇقلاردۇر بەلكىم، ئىككى تاخلىشىپلا ئەخمەتنىڭ ئالدىنى توسىدى:

— توختا ھەي سېرىق ياپلاق! تۆكۈرگەن ئاغزىڭنى كۆرۈپ باقمىز.

قۇش ئۇچۇپ ئۆتكەندەك شەپە چىقتى، ئەخمەتنىڭ بېشىدىكى شلەپىسى پىرقىراپ ئىككى مېتىردەك يەرگە بېرىپ چۈشتى. ئۇنىڭ يۇندىرەك كۆزلىرى ھەيرانلىقتا چەكچەيدى. لۈكچەكلەر ئۇنىڭدىن بىر يېرىم مېتىردەك نېرىدا ھىجىيىشىپ تۇرۇشاتتى.

— بېشىڭ مايمۇننىڭ ساغرىسىدەك قىزىل ئىكەنغۇ، ئەپەندى، — دېدى پاكارراق لۈكچەك ھەربىر گەپنى سوزۇپ چايناپ، — ئېتىڭ نېمە؟

— ئەخمەت.

ئەخلەت، خى، خى، خى... كالا سۈيدۈكى يالاشقىلا يارايدىغان قېرى تايغاندەك تۇرۇسەنۇ، چىشلىرىڭنىڭ ماغدۇرى كەتمىگەنمۇ-قانداق؟ ھىجايغىنىنا قېنى.

ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىدە چاقماق چېقىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەڭ چاپان كىيگۈزۈلگەن قارانچۇقنىڭكىگە ئوخشاش، بېلىنىڭ تايىنى يوق گەۋدىسىنىڭ قانداقسىگە ھاۋادا پۇلاڭلىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. دۈمبىسى قېرى قارىياغاچنىڭ قوتۇر غولىغا زەرب بىلەن تەگدى-دە، كەينىگە قايتىپ دومىلاپ، ياۋايى گىياھلار بىلەن قاپلانغان بىر ئازگالغا چۈشتى. دەرمانى قۇرۇپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. بىرھازا شۇنداق قىمىرلىماي ياتتى. «ئۆلگەن بولسام كېرەك» دەپ ئويلىدى. كېيىن كۆزلىرىگە نۇر قايتتى. ئۆمىلەپ، تىرمىشىپ تۇرۇۋاتقاندا تىزىغا بىر نەرسە ئۇرۇلۇپ شاراقشىدى. قاراپ پۇرلىشىپ يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن كونا گېزىت پارچىسى ئىكەنلىكىنى كۆردى. قوپالراق ئاشىق-مەشۇقلار يومداقلاشقان بولسا كېرەك. ئەخمەت ئۇنىڭ قولىنى گېزىتكە سوزدى، قولى تېگىشى بىلەنلا شۇ چاڭگىلدا ئىككى سوملۇق پۇلنىڭ سىقىمداق-لىق تۇرغانلىقىنى بايقىدى. بۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى، گېزىتنى ئۇرۇپ تارتقاندا قولىغا ئىلىنگەنمىدۇ، ياكى لۈكچەكلەر-دىن تاياق يەپ يىقىلىۋاتقاندا قولى ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىن سۇغۇرۇۋالغانمىدۇ؟! بوپتىلا، ھەر ھالدا ئۇ يەرگە يىقىلسا بىر سىقىم توپىنى بولسىمۇ سىقىملاپ قوپىدۇ ئەمەسمۇ، دادىسى شۇنداق ئۆگەتكەن. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن لاي ئۆستەڭ مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ بىر-بىرىنى «ساختىپەز» دەپ چاقىرىش ئادىتى بار. ئانىلار بالىلىرىنىمۇ شۇنداق ئەركىلىتىدۇ. ئەخمەت ئاشۇنداق شارائىتتا ئائىلىدىكى قاتتىقچىلىقتا ئالدامچى، قۇلاقكەستى بولۇپ ئۆستى. ئۆسمۈرلۈكىدىلا يانچۇقچىلار توپىغا قوشۇلۇپ بارماقلىرىنى چېنىقتۇردى. يىراق ئۆتمۈش بولۇپ كەتكەن شۇ يىللاردىكى يۇمۇردەك قىزىق بىر ئىش ئېسىگە چۈشتى. بېشى كىچىك، بويى ئېگىز، ئاغزى كاززا پىلىققا ئوخشىۋاتقان چاغلار ئىدى. بىر قېتىم كىنوخانا ئالدىدىكى كەچلىك يانچۇقچىلىقتىن ئازراق ئولجىغا ئېرىشىپ بايۋەتچىلەردەك گىدىيىپ قايتىۋاتاتتى. سەتەڭ كوچىسىنىڭ ئەگلىمىسىدە ئىككى بۇلاڭچى يول توسىدى. مەيدىسىگە تىرەلگەن پىچاقلار غۇۋا چىراغ يورۇقىدا يالتىراپ كەتتى. بۇلاڭچىلارنىڭ ئاۋازى ئۆلۈمدەك ۋەھىملىك، سوغۇق ئىدى:

— جانغا تويدۇڭمۇ، مالغا؟

ئەتراپتا ئىنسى-جىننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيت-تى. گۆرىستان جىملىقى يۈرەكنى سىقاتتى، ئەخمەت ھودۇقمىدى، تەمتىرىمەي تەمكىن جاۋاب بېرىپ:

— بەش كوي پۇل بەرسەڭ ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى. بۇلاڭچىلار دەسلەپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ

ھاڭقىيىپ قېلىشتى، كېيىن ئۆزلىرىگە كېلىپ قورساقلىرى ئاغرىغىچە كۈلۈشتى.

— لاي ئۆستەڭلىك ئوخشىمامسەن، يارايسەن مەككار ساختىپەز، — دېيىشتى ئۇلار ئەخمەتنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ يەرگە كېلىپ ئۇچراتقان بىرىنچى كىشىمىز سەن ئىدىڭ، ھەييار چىقتىڭ، چوڭ بولساڭ ئاتاڭغا قىلتاق قويىدىغان ئالگەدەن بولىدىكەنسەن، بار يولۇڭغا، ئادەم سۈرەتلىك شەيتان بول! دەپ قويۇۋېتىشتى.

ئەخمەت شۇلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى، كېيىن ئۇ چوڭ بولدى، رەڭۋازلىق قىلىپ يۈرۈپ كىچىكرەك ئەمەلدارمۇ بولۇپ بېقىپ ئاغدۇرۇلدى. لېكىن بارماق ھۈنىرىنى تېخى ئۇنتىمىغان ئوخشايدۇ. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، جايىدا ئاستا ئايلىنىپ ئۇچىسىدىكى توپىلارنى قاققاچ ئەتراپقا ئوغرىلىقچە نەزەر سالدى. نە لوكچەكلەر، نە ھېلىقى قىز-يىگىت كۆرۈنمەيتتى. ئاپلا، ئۇلار كېتىپ قالغان بولمىغىدى، دېگەن خىيال ئۇنى باغچا دەرۋازىسى تەرەپكە ئۈندەردى، ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرەخ ئارىلاپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى. تېز، تېز مېڭىپ يېقىنلاشقاندا يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. بۇلار شۇ قىز-يىگىت ئىدى، ئۇ نېمىشقا ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قەدىمىنى ئاستىلىتىپ قارا كۆرە ماڭدى.

قارلىق چوققىلاردىن كەلگەن يېنىك شامال ئەخمەتنىڭ كاللىسىدىكى قىسىۋاتقان چەمبەرنى بوشىتىپ، كېچىنىڭ سالقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئېغىر كاللىسى بىر ئاز يەڭگىللىدى. مانا ئەخمەتنىڭ ھاراقنى تاشلىغىنىغا ئون يىل بولۇپ قالدى، مېڭە قان تومۇرلىرى قېتىشىۋاتىدۇ، يۈرىكىمۇ، بۆرىكىمۇ ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە مۇھىم ئەزالىرىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. قورقىدەك ئاجىزلاپ كەتتى. ئېھتىمال يىلىكى ئۆزۈلەي دەۋاتسا كېرەك، شۇڭا ئۇ ئادەتتە ئاسانلىقچە ھاراق ئىچمەيدۇ، باشلىقلارنى ئۆيىگە چىللىغاندا ياكى ئۆزى باشلىقلارنىڭكىگە بۈگۈنكىدەك ئەپلەپ كىرىپ، قارشى ئېلىنمىسىمۇ بېزىرىپرەك ئولتۇرغاندا ئىچىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ساداقەت گەپلىرىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بىر ئىككى قەدەھ قېقىۋالىدۇ. شۇنىڭغىمۇ تەڭشىلىپ قالىدۇ، باشلىقىدىغۇ ئوبدانلا ئىچەتتى. ھاراق ئۇنى كۆپ قېتىم سەتلەشتۈردى، لېكىن سەتچىلىكلىرىنى ياپقان چاغلىرىمۇ ئاز ئەمەس. يايلاققا چىققاندا مەست بولۇپ قېلىپ بىر جىلغىدا ئىنەككە ئېسىلىپ دەرد تۆكۈۋاتقاندا كىشىلەر كۆرۈپ قېلىپ بىر سەتلەشتى. ئايالىنى بەزىلەر تويدىن بۇرۇن باشلىقى ھوشۇرجانغا چاپلاپ گەپ تارقىتىشتى. شۇ غەمدە توي كېچىسى ئەخمەت جىقراق ئىچىۋېلىپ ھوجرىغا كىرىۋېدى، ئايالى ھىيلە ئىشلەتتىمۇ، ھاراقنىڭ نەيرىڭىگە كەتتىمۇ، ياكى راستىنلا ساق چىقتىمۇ ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. كېچىلەپ يۈگۈرۈپ ھوشۇرجاننىڭكىگە بېرىپ «كەچۈرسىلە، كىشىلەر بىزنىڭ خوتۇننى سىلىگە چاتسا، ئىشىنىپ سىلىگە ئۇۋال قىپتىكەنمەن. ئەمدى قىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى» دەپ قايتا-قايتا تەزىم قىلىپ كەچۈرۈم سورىدى. ۋاقتىدا قايتىپ كەتمىسىمۇ ھېچ ئىش بولماس ئىدى، ھوشۇرجاننىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ مەستلىكتە ۋارقىراپ سۆزلەۋېرىپتىكەن، قوشنىلار ئويغىنىپ چىقىپ قېلىپ يەنە سەتلەشتى. جانان چىنىسى داڭلىق ئۆز شەھىرىگە بارغاندا نىلوفەر ئىسىملىك ئايالنى ئالداپ خۇمدانلىققا ئەپ چىقتى. لېكىن ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي يۈزى سۆرۈن بولۇپ سەتلەشتى. «ھاراق كاردىن چىقىرىۋېتىپ قالدى ھەتتىڭنەي» دەپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەر سىجاپ ئەيىبنى ياپتى. ھاراقنىڭ زىيىنىمۇ ئاز بولمىدى. ئەخمەتنىڭ ئەزەلدىن باشلىقلارغا داستىخىنى

كەگرى ئەمەسمۇ، داستىخانغا سېھىر بېغىشلايدىغان ھاراققا يۈرەكنى ئېچىشتۇرغۇدەك جىق پۇل كېتىدۇ. بۇ زىياننى ھۆكۈمەت زىياپەتلىرىدىن بىرەر بوتۇلكا ھاراق ئوغرىلىغاچ كېلىپ تولۇقلاپ ماڭسىمۇ دال بولمىدى. بەزى دۈشمەنلىرى «چىرايىڭ سارغىيىپ قاپتۇ، ئۆيىڭگە باشلىق كۆپ بېرىۋاتامدۇ؟» دەپ چېقىپمۇ ئالدى. بولمىسىچۇ، زىيان كىمگە تاتلىق ئىكەن. ئىشنى ھاراقسىز، زىيانسىز ئەپلەپ كەتكەن جايلىرىمۇ كۆپ. باش قاتۇرغانلارغا خۇشامەتنىڭ سەنئىتى ئازمىدى. مانا مەسلەن، پۇت-قوللىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپ قۇللۇق قىلىش سەنئىتى، ئىغۋا-ئەپسانىلار توقۇپ، كۈشكۈرتۈش ئەپسۇنلىرى ئوقۇپ چېقىمچىلىق قىلىش سەنئىتى، خەقنىڭ جۈۋىسىدا تەرلىنىش سەنئىتى... بۇنىڭدىكى يولۋاس يېتىلەپ ئۇۋ ئۇۋلاش تەدبىرىدىن بىر كارامەت ئېيتساق، ئۇ خەقنىڭكىگە ئۇچۇر بېرىپ قويۇپ، باشلىقنى باشلاپ بېرىپ، باشلىق بىلەن ئۆزىنىڭ قورسىقىنى، ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى توقلايدۇ. بىر چالمىدا ئۈچ توشقاننى ئۇۋلايدۇ. يەنە مەسلەن: «تاشنى ئالغاندا سىقىپ ياغ چىقىرىۋېلىش سەنئىتى»، بۇنىڭدىكى «كۆلەڭگۈنى جىڭلاپ سېتىش تەدبىرى» دىن بىر كارامەت ئېيتساق، ئۇ ئۇيقۇنىمۇ، چۈشىنىمۇ باشلىقلارغا سوۋغا قىلىپ ياكى ئۆلچەپ سىقىپ پايدىكەشلىك قىلىدۇ. نازىنىنلارنى تارتۇق قىلىپ توغرىلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرۇشتەك ئىشلار سىر تۇتمىسىمۇ بولىدىغان كونىراق ئۇسۇل. بىراق، چۈش ھېكمىتىنى مەخپىي تۇتمىسا خەق ئۆگىنىۋالىدۇ. ئېسىگە ئۆزىنى دانىش ھېسابلايدىغان بىر ساددا باشلىق كەلدى. سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ھەرىكىتى ئاخىرلاشقان، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتقىنىغىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالغان، ساددا باشلىقنىڭ پىچىقى تازا كېسىۋاتقان چاغلار ئىدى. ئەخمەت ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىشكە باشلىدى. ھە راست كونا باشلىق ئالمىشىپ بولغىچە يېڭى باشلىقنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىشقا ماھىر بولغانلىقتىن ئۇ كىشىلەردىن «ئەخمەت قولتۇق» دېگەن لەقەممۇ ئالغان. ئۇنىڭ قىرىق ئىككى نوختىسى بولۇپ خېلى-خېلى باشلىقلارغا نوختىسالالايتتى. ئۇ ساددا باشلىقنى بىر كۈنى ئۆيىدە ئەرزىمەس تارتۇق بىلەن يەنە بىر كېچە قوندۇرۇپ قالدى. ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق، باشلىقنىڭ كەيپىمۇ چاغ ئىدى. ئەخمەت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئەدەب بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— تەقسىر كېچە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.

— «چۈش دېگەن تۈلكىنىڭ پوقى» دېگەن ماقال بار، قىخ-قىخ... — باشلىق خىرىلداپ كۈلدى.

— ياق، ياق خاسىيەتلىك چۈش دېسىلە. شۇنداق چۈشكى ئادەتتىكى ئادەملەر ئارزۇلىسىمۇ يۈز يىلدا بىر كۆرەلمەيدۇ. ئۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك جەھەتلىرى بار.

— خوش؟

— خەلق مەيدانى دەيمەنمىش، ئەتراپىمدا لەكمىڭ-لەكمىڭ ئادەم مىغىلدايدۇ، سىلى رەئىس مۇنبىرىدە تۇرۇپتىلامىش، قاراپ تۇرسام، مەركەزدىن كەلگەن كاتتا چوڭام مەردانە قەدەملەردە ئالدىلىرىغا كېلىپ قوللىرىنى سىقىپ كۆرۈشتى، ئاندىن، ئاندىن، يائاللا، ئويلىسام ھازىرمۇ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك سەكرەۋاتىدۇ. چوڭام سىلىگە ئىككى قوللاپ بىر قىلىچ تەقدىم قىلىۋاتامدۇ، دەستىسىگە ئالتۇن، غىلىپىغا ياقۇت بېزەكلەر ئورنىتىلغانمىش، قوللىرىغا شۇنداق ئالغان زاماتلا بېزەكلەر ۋال-ۋۇل قىلىپلا چاقناپ كەتتى، ئايىھاي تۇۋا، ئاللا كارامىتىڭگە ئاپىرىن! قىلىچنى غىلاپتىن شۇنداق سۇغۇرغانتىلە ئالماس قىلىچ ئىكەن،

بىسلىرى يالتىراپ نۇر چاچتى، قارىسام ئالماس
قىلىچ ئېتىۋاتقان تاڭدەك ئاقىرىپ پارىلدىدى،
قات-قات نۇر دولقۇنلىرى تارقاتتى، پۈتۈن
مەيدان كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئادەملەر
مۆنبەر ئالدىدىن چېكىندى. بىردىنلا مۆنبەر
شاھانە تەختكە ئۆزگىرىپ قالدى، قاياقتىندۇر
ھەيۋەتلىك قوشۇن ئۈندىن بولۇپ سەپ
تارتىپ پارات باشلىۋەتكۈدەك. «قارا»
دېگەندەك بولدى، شۇنداق قارىغۇدەك بولسام،
ئۆزلەنىڭ شەپكىلىرىدە ئالتۇن كاكار، مۆرىلىرىدە
ئالتۇن پاگون، ھەممىۋا يەرلىرى توگەل
جاۋاھىرات بىلەن بېزەلگەن، ئاق پەلەي
كىيىۋالغان قوللىرىدا ئالماس قىلىچ يالت-يۇلت
قىلىپ يالتىراۋاتامدۇ، يارەبىسم ئامەتمۇ كەلگەن
يەرگە كېلىدىكەن ئەمەسمۇ، ئۆزلە پارات
قوبۇل قىلىۋېتىپلا.

— شۇنداقمۇ تېخى، ئۇ نېمىسى؟

— ئاللانىڭ كەرىمى كەڭ. بۇ ئامەت، بۇ سەلتەنەتتىن بېشارەت، مەرتىۋىلىرى تاغدەك ئۆسىدۇ دېگەن سۆز.

— مەن ھازىر مۇئاۋىن باشقارما بېشى، ئۆسسەم جىك باشقارما...

— جىك باشقارما بېشىلىقتا شۇنچىلا سەلتەنەتلىك چۈش نەدىكەن؟ كەم دېگەندىمۇ مۇئاۋىن ئۆلكە بېشى، ياق، بۇمۇ تۆۋەنلىك قىلىدۇ، ئۆلكە... ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراقتۇر بەلكىم...

ئەخمەت مەنسەپ نامىنى ئەمدى ئېنىق ئېيتىشتىن تىلىنى تارتتى. بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەندە ئىشەنمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، بولۇپمۇ سىياسىي خاتالىق يۈز بېرىشى، ياكى ھازىر شۇ مەنسەپتە ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ قېلىپ پالاكەت تېرىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مانا شۇنداق قوم سانايدىغان ئادەم.

— ۋاھ، شۇنچە يۇقىرى مەرتىۋە دېگىن، سۇمۇ ئاققان ئېرىقتا ئاقىدۇ ئەمەسمۇ، دېگىنىڭ كەلسۇن. لېكىنزە ھېلىقى... سېنىڭ چۈشۈڭگە ئايان بولغىنى نېمىشقا باشقا...

— ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ دوستىغا، سادىق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولارمىش. ياق، ياق پەرۋەردىگارا... — ھېلىمۇ ياخشى بىرىنچى جۈملىدە خاتاغا يول قويغانلىقىنى ئۇ ۋاقتىدا بايقاپ قالدى. بولمىسا باشلىق «مېنىڭ چۈشۈمگە نېمىشقا ئايان بولمىدى، كۆڭلۈم ئاق ئەمەسمىكەن» دەپ سوراپ ياكى ئويلاپ قالامدۇ، — ياق، بۇ ئەسلى مۇنداق، باشلىقتا سادىق ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ چۈشىگە ئايان بولغىسىدۇر.

— سادىق ئىكەنلىكىڭگە ئىشەندىم.

— ماشائاللا بېشىم بىلەن قوللۇق تەقسىر. ھېلىقى، ھېلىقى چۈشىمدىمۇ شۇنداق، مەن جانابلىرى سەلتەنەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇۋېتىمشىمەن، ئۆزلە پېقىرنىڭ سىلىنى دەپ تارتقان چەكسىز رەنجۇ-مۇشەققەتلىرىنەنى ئۇنتۇماي، ماڭا قاراپ قول ئىشارىتى قىلىپ قاللا ئەمەسمۇ! مەن ئالدىلىرىغا ئۇقتەك بېرىپ توققۇز تەزىم بىجا كەلتۈرۈپ تىزلىنارمىشمەن. مازايى ماشايىققا تىزلانغاندەك دېسىلە، خانەمىمىزمۇ ئۆزلەگە كۆز تىكىپ ئېگىلەرمىش. سىلى يۇمشاق ئاياغلىرىنى بېشىمغا تەگكۈزۈپ قويغانتىلە، كارامەت يۈز بېرەرمىش. قارىسام ئاياغلىرىغا ئېسىلغىنىمچە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈۋاتقىدەكمەن. مەن دەرھال «بېشىمنى بىر سىلاپ قويدىلا، تايغان ئىتلىرىدەك مەڭگۈ ئارقىلىرىدا سوكۇلدايمەن. ھەرقانداق مەنپەئەت ۋە لەززەتنى سىلىگە ئۆتۈنىمەن!» دەپ ۋارقىرىغىدەكمىشمەن، ئۆز ئاۋازىم ئۆزۈمنى ئويغىتىۋەتمەسمۇ، كېچىنىڭ قالغان يېرىمىنى باشلىرىنى ئەگىۋاتقان دۆلەت قۇشىنى ئويلاش ھاياجىنىدا كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم.

ئۆزۈن ئۆتمەي سادىدا باشلىق ئەخمەتنى

بۆلۈمچە باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى، ئۇنىڭ ئەپسۇن ۋە پىتنە-ئەپسانىلىرىغا ئالدىنىشتىنمۇ، ياكى تالاي يىللىق خۇشامەت كۈلپەتلىرىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۈر پايدىسى تەگدىمۇ، ئەيتاۋۇر كەسپىنى ناچارلىقىغا قارىماي ئۇنىڭ ئورنىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلار بولدى. بىر يىلدىن كېيىن ساددا باشلىققا سىياسىي ھەرىكەت ئوتى دارىۋىدى، ئەخمەت ئۇنىڭغا «خۇراپاتلىققا چوقۇنىدۇ»، «چۈشكە ئىشىنىدۇ، ئۈسۈشىنىلا چۈشەيدۇ»، «يۇقىرىغا يامىشىدۇ»، «قارا نىيەت سۇيىقەستچى» دېگەن قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ تۆھمەت كالتىكىدە راسا دۇمبالىدى. داستىخىنىنى بولسا يېڭى كەلگەن باشلىققا كەڭرى يايدى، خېنىممۇ يېڭى باشلىققا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ھىجايدى، بەللىرىنى تولغىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» دېگەن ماقال ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ قىساس ئوتىمۇ قانداق، قىسمەت چاپسانلا يۈز ئۆرۈۋالدى. ئۇنىڭغىمۇ پالاكەتنىڭ پايتىمىسى تېگىپ كەتتىمۇ، پۇچۇق ئورۇندۇقتىن دومىلاپ كەتتى. ئاھ، قىسمەت دېگەن شۇنداق يۈزسىز. يېشىمۇ بىر يەرلەرگە بېرىپ قالدى، چەككەن جاپاغا تۇشلۇق نە مەرتىۋە، نە شۆھرەت تەگمىدى. ھۆ ئانىسىنى شۇ دۇنيانىڭ، دۇنيا دېگەنىڭغۇ نە راھىتى، نە مۇرادى يوق ئوخشايدۇ. تۇرمۇش يولىنى كىم مېڭىپ تۈگىتەلەپتۇ. قارىغاندا بىمەنىچىلەرنىڭ پەلسەپىسى دەرھەق ئوخشايدۇ. ئەخمەت ھەممىدىن بىزار بولدى. ئۈمىدسىزلەندى، چۈشكۈنلەشتى. ياخشى بىر يېرى مەيدىسىدىن بولسىمۇ ھەۋەس قاچمىدى، ئىشقىۋازلىقىنىڭ ئوتى تامامى ئۆچۈپ تۈگىمىدى، ئۇ بويىنىنى سوزۇپ ھاراق كېكىردى. كۆز ئالدىغا سۈيدۈك ھىدلاۋاتقان توپاق كېلىپ كۈلۈمسىرىدى. پەيتى كەلسە ئۇمۇ مانا شۇنداق سۈيدۈك پۇرىيالايدۇ. ئاھ، ياشلىق، نەگە يوقالدىڭسەن ياشلىق؟ قەددى قامەت، چىراي، كۈچ-ماغدۇر، ئەي بىۋاپالار، قېنى نەدە سىلەر نەدە؟ ئېسىگە قانداقتۇر بىر شەھۋانىي ناخشا كەلدى، ئاستا غىڭشىدى، بۇ ناخشىنى ئۇ تالاي غىڭشىغان، مۇشۇ ناخشىنى غىڭشىپ ئۆزىدىن چوڭ خوتۇنلار بىلەن تولا ئىچ-پەش تارتىشىپ يۈرۈپ چوقىسىنىڭ چاچلىرى قالمىغانغۇ، ئاھ يىللار نېمانچە چاپسان ئۆتىدىغاندۇ، مانا ئۇنىڭ ئالتە بالىسى، توغرىراقى ئالتە قىزى بار بولدى. قىسمەت نە چىراي، نە بويىنى ئايىمىغان بولسا كاشكى، بىر-بىرىدىن ئۆتەر مايمۇن چىراي، ئۇلارنى ئەيلەپ ئەرگە بېرىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ باشقا چۈشكەن چوڭ غەم، ۋاي ئۇ ئانىسى قارىۋايغا تەئەللۇق ئىشقۇ، كىم ئۇنىڭغا بىرەر ئوغۇلمۇ تۇغالمىسۇن دەپتۇ، موزاي دەسسىۋەتكەن كالا تىزىكىدەك يالپاق يۈزىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ھومايغىنى ھومايغان. كۆزلىرىچۇ تېخى، بىلى بېسىلغان چارپاقنىڭكىدەك پولتىيىپ ئەينەك ساقىدەك پارقىرايدۇ، رىستە قىز ۋاقتىدىغۇ بۇنچىلا ئىسكەتسىزمۇ ئەمەستى، ئويۇنچىلىقتا ئاز-تولا نامى چىقىپ قالغاندا بىر كۈنى ياتىقىدا تولغان ساغرىلىرىنى تولغاپ، بەدىنىنى يېرىم يالىڭاچ كۆرسىتىپلا ئۆزىنى مەپتۇن قىلىۋالغىنى ئېسىگە كەلدى، ئەسلىدە ئۇ ئەخمەتنى كۈن پېتىۋاتقان چاغقا توغرىلاپ جىددىي ئىش بار دەپ ياتىقىغا چاقىرغان ئىدى. ئەخمەت ياتاققا كىرىپلا ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدى، ياتاقتا شۇ خېنىمدىن باشقا ھېچكىم يوق بولۇپ دېرىزىدىن كىرىۋاتقان كەچكى شەپەقنىڭ رەڭدار نۇرى يانتۇ تۇرۇپ ئالدىرىماي كۆڭلەك ئالماشتۇرۇۋاتقان قىزنىڭ بەدىنىدە جىلۋە قىلىپ خىيالىي گۈزەللىك پەيدا قىلغان ئىدى. ئەخمەتنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئۇ نازلىق ئاھاڭدا ۋىيەيلەپ كۆڭلىكىنى كۆكسىگە باستى. ئەخمەت بولسا ئاشىقى بىقارارلىقتا يېرىم ھوشىدىن كەتتى... مانا شۇ يېرىم بىھوشلۇق ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئۇل، ئائىلىسىگە دەرۋازا بولغان. ئۇنىڭ ئۇ قىلىقىنىمۇ ئالدامچىلىق دېيىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭلا تالاۋەرمىگەن تۈزۈك. ئەخمەتنىڭ ئۆزىنىڭمۇ

ئوغۇل تېپىپ قالسام نەجەب ئەمەس، دەپ يېمىگەن دورىسى، قازدۇرمىغان ئورىسى قالمىدىغۇ، گۆكشى قوڭغۇزلىرىدىن، تەكلىماكاننىڭ ئوق يىلانلىرىغىچە، كۇچا ئېشەكلىرىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدا ياسالغان دورىلاردىن، ھىندىستان گىياھلىرىغىچە، ئوردا مەخپىي رېتسىپلىرىدىن تارتىپ بۇغا مۈڭگۈزىگىچە بەرى ئىشلىتىلدى، ئۇنىڭ قانلىرىمۇ، ئىلىكلىرىمۇ ئالا قالمىدى. لېكىن ئوغۇل تۇغۇلمىدى، مازايى ماشايىقلارغا بېرىپ ئۆمىلەپ يۈزىنى قارا تۇپراققا سۈرتۈپ يىغلاپمۇ باقتى، قەۋرە تۆشۈكلىرىگە قول تىقىپ قولىغا ئىلىنگەنلىكى نەرسىلەرنى چالما. قوڭغۇزلارنى چايناپمۇ ئىرىم قىلىپ باقتى، ئوغۇل تاپالمىدى. ئاھ، تەقدىرنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەت چاپلاپ ئەرز خېتى يازغىلى بولمايدۇ-دە، بولغىنىدا ئىدى، سالەكلىرىنى قوترىتىپ ھەش-پەش دېگۈچىلا بىرلەشمە ئىمزالىق تۆھمەت خەتلىرىنى زەھەردەك قاتۇرۇپ تەييار قىلىۋېتەتتى. نېمە ئامال؟ بۇ بەختسىزلىك چوڭ قايغۇ بولۇپ ھاياتىنىمۇ، قەلبىنىمۇ بۆسۈپ كىردى. پېشانىگە پۈتۈلگەندىن قانداق قۇتۇلغۇلۇق؟ بوپتىلا، بۇ قىزلىرىنى ئۆزىگە يۈك قىلىۋالدىغانغا ئەخمەت قاغا مېڭىسى يەۋالغىنى يوق، پايدا يۈلۈۋالدىغان تەرەپلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويغىنى يوق، «بىر قىزى بار فاگدۇڭ، ئىككى قىزى بار جياگجۇن» دېگەن ماقالىنىمۇ بىلىدۇ، ئالتە قىزى بارغا قانداق ماقال تۈزۈش كېرەك-كىن؟ سۈت ھەققىدىن تارتىپ بىر-بىرلەپ يۈلۈپ ئېلىش كېرەك. تويلۇق جابدۇقلار بىلەنلا كۆمۈلۈپ كېتەمدۇ كىم بىلىدۇ تېخى، ئۇلارنى پەم بىلەن سېغىش كېرەك. قىزىدىن پايدا ئېلىشىنىمۇ ئۇ خېلى يىللار ئىلگىرىلا باشلىۋەتكەنتى، ئون يىل بۇرۇنقى بىر ئىش ئېسىگە چۈشتى: شۇ قېتىم ئۇ يۇرتىغا خىزمەت بىلەن بارغان ئىدى. بازاردا شۇنداق كەيىپ كېتىۋاتقاندا بىر كوچا خوتۇنى ئۇچراپ قالدى. ئەخمەت بۇ «كەكلىك» نى بېزەڭلىك قىلىپ يۇرۇپ ئەرزانىراق قۇشلىدى، ئۇ تېخى ھازىرقىدەك كېچە ئەمەس، كۈندۈز-چۈشتىن بۇرۇنقى چاغ ئىدى. «كەكلىكنى» كەينىگە سېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگىلا باردى. ئۆچەيسىمان كوچىدىكى بۇ قورۇدا ئەخمەتنىڭ چوڭ قىزى مۇھەببەتتىن باشقا ئادەم يوق ئىكەن. مۇھەببەت تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ مومىسىنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇ قىز ئۇ چاغلاردا ئون بىر ياشلار چامىسىدا ئىدى. ئەخمەت چوكاننى باشلاپ ئۆيگە كىرىۋېلىپ مۇھەببەتكە ئىشىك باققۇزدى. ئۆيگە ھېچكىمنى يېقىن يولاتقۇزماسلىقنى بۇيرۇدى. بىچارە مۇھەببەت دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشىككە سىرتىدىن قۇلۇپ سالدى، قولىغا سۈپۈرگە ئېلىپ قورۇ سۈپۈرۈۋاتقان قىياپەتكە كىردى. ئۇ بۇنداق ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى بىلىپ كۆنگەنتى، شۇڭا غەيرىيلىكمۇ ھېس قىلمىدى، بىراق قورۇنى ناھايىتى ئۇزاق سۈپۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن زېرىكتى، خىيالغا بېرىلدى، ئەخمەت بولسا ئۆز قىزىنىڭ ھېمايىسىدە چوكان بىلەن قۇربى يەتكۈنچە بىر يايرىدى. بالا ئەسقاتتى دېگەنمۇ شۇدە. ئۇشتۇمتۇت ئەخمەتنىڭ خىيالى بۆلۈندى، ئۇ پايلاپ كېلىۋاتقان قىز-يىگىت يول قاسىنقىدىكى دەرەخزاردىن چەتتىكى ئوچۇقچىلىققا چىققان ئىدى. بۇ كىچىككىنە ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتسىلا قېلىن چاتقال توقايلىق بار ئىدى. ئەخمەت ئۇلارنىڭ خالىي جاينى نىشانلىغانلىقىنى بىلدى. ياخشى بولدى. شۇ يەرگە بېرىشسىلا مەنمۇ نىسۋەمدىن قۇرۇق قالمايمەن دەپ ئويلىدى-دە، ئۆزىنى بىر تاغ تېرەكنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

قىز-يىگىت چاتقاللىققا يېتىپ باردى، قاراڭغۇلۇققا كۆلەڭگۈدەكلا سىڭىپ كەتتى. ئەخمەت بىر ئاز ساقلاپ ئىشىنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشمەك بولدى. بىر تال تاماكا ئوراپ چەكتى. ھازاقىنىڭ ئېزىنقۇلىقىمۇ، ياكى ئۆگدەك باستىمۇ، سەل جىمىپ قالدى. كاللىسى ئۇشتۇم-تۇت سەگەكلەشتى. قانچىلىك ئولتۇرۇپ

قالغانلىقى نامەلۇم ئىدى. مۇدۇرۇپ قوپۇپ چاتقاللىققا ماڭدى. پىچىرلاشقان، شاراقلىغان ئاۋازلارنى بايقىدى. تۇيدۇرماي يېقىنلاشتى. قىزنىڭ ئۈستىبېشى قالايمىقان ئىدى، ئەخمەت ئۇلارنىڭ ھېلىلا ئېرىقتىن قوپقانلىقلىرىنى پەملىدى، كۆڭلىگە سۇ يۈگۈردى. بىراق يېقىنلىشىش خەتەرلىك ئىدى، يىگىت قىزنى سۆيىدى. سۆيۈشۈش ئاۋازى قۇلاقلىرىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. ھەسەتخورلۇقى، ھايۋانىي نەپسى قوزغالدى، قولىغا ئېلىشكەن تاشنى ئېلىپلا ئېتىپ ۋارقىراپ ئۇلارغا تاشلانماقچى بولدى. يالغۇزلۇقتا خالى جايلاردا نومۇس سودىگەرلىرىنى شۇنداق ئۈركۈتۈپ، قېچىشقا ئۈلگۈرمىگەن ياۋا سەتەڭلەردىن بىكارغا پايدىلانغان چاغلىرىمۇ بولغان ئىدى، بىراق بۇ قېتىم ئۇنداق قىلىشقا توغرا كەلمىدى، كۈتۈلمىگەندە يىگىت ئىسقىرتىپ قويۇپ قىزنى تاشلاپ ماڭدى. قىز ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈۋېدى، يىگىت ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېدى، ئەخمەت «ئەتە كەچ يەنە...» دېگەن گەپلەرنىلا ئاران ئاڭلىيالىدى. قىزنىڭ قولىغا پۇل بولسا كېرەك شاراقلىتىپ بىر نەرسە تۇتقۇزدى-دە، كېتىپ قالدى. قىز كەينىگە ياندى، يەردىن زىننەت سومكىسىنى ئېلىپ پۇلنى سالدى، چاتقاللارنى ئارىلاپ ئالدىرىماي ماڭدى. چاتقاللىقنىڭ يول چېتىدىكى دەرەخلەرگە تۇتىشىدىغان جايىغا چىقىپ كەتمەكچى بولسا كېرەك. يات كۆزلەرگە چېلىقىپ گۇمان تۇغدۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتقىنىنى قارا، ھۇ قاقباش، تۈلكىنىڭ مەينەت بالىسى. ئەخمەت ھەممىنى چۈشەندى. تاپتىن چىققان كوچا سەتەڭگى ئىكەن، مەنمۇ نېسىۋەمنى ئالاي دەپ ئالدىراش ئىزىغا چۈشتى، ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا بۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن قىلغان ئوۋدا ئەپلەشسە پۇل خەجلەش كەتمەيدۇ، تېخى قىزدىن ئازراق يۇلۇۋالغىلىمۇ بولۇپ قالار، ھېلىقى يىگىت ئۇزاپ كەتتى ئەمەسمۇ، مۇشت يېيىش خەۋپىمۇ يوقالدى.

قىز ھارغىن قەدەملەردە كېتىۋاتاتتى، بەدەنلىرى بوشىشىپ ئېزىلىپ كەتكەندەك روھسىز كۆرۈنەتتى. ئەخمەت قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ ئارقا تەرەپتىن يېقىنلاشتى. قاچۇرۇپ قويمىغىدەك ئارىلىققا كەلگەندە بوش ئىسقىرتتى. ياش كۆرۈنۈش ئۈچۈن شىلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ بارمىقىدىن قاس چىقاردى.

قىز ئۈركمىدى، كەينىگە قىيا بۇرۇلدى-دە، رازىمەنلىك بىلەن قەدىمىنى ئاستىلاتتى. خۇمدان دەزى بولمىسا ئېرەن قىلامتى. ئەخمەت خۇشال بولۇپ كەتتى. ئىش ئوڭغا تارتىۋاتاتتى، دەرھال يوغان-يوغان چامداپ يېقىنلاشتىندە ئادەتلەنگەن گەپكە ئېغىز ئاچتى:

— خانقىز، مەنمۇ يالغۇز، قورقىسىڭىز ھەمراھ بولاي.

قىز بارمىقىنى قارسىلدىتىپ توختىدى، نېمىدۇر ئويلىغاندەك دەققە تۇردى-دە، كەينىگە قارىماق بولۇپ بويىنىنى ئوڭغا بۇرىدى، ئەخمەت بۇنداق پەيتلەرنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇستا، بۇ قېتىممۇ دادىل ۋە چاققان كەلدى. بىر ئاتلاپلا قىزنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتتىدە، ئوڭ قولى بىلەن بەلدىن قارمىدى:

— پۇل دېگەننى چېكىڭىزگە گۈلدەك قىستۇراي، خېنىمەي، بېشىڭىزدىن ئۆرگىلەي خېنىمەي، — ئەخمەت بىر سوملۇق پۇلدىن بىرنى قىزنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، ئاستىلا يېڭىدىن ئىچىگە تىقىۋالدى.

— ۋايجان! — قىز يېنىك يۇلقۇندى. ساختا غەمزە قىلماقچى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۈلگۈردى ئەخمەت، دەرھال سول قولىدا قىزنىڭ بويىنىدىن گىرەلەپ بىر تارتىپلا قۇچاققا يىقىتىپ سۆيمەك بولدى، بۇنداقتا قىز تىپىرلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەيتتى. لېكىن ئالدىغا سوزغان تۇمشۇقىغا ئىسسىق لەۋلەر ئەمەس قاتتىق شاپىلاق تېگىپ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى، قىز ئارتىسلاردەك

چەمبەر ھاسىل قىلىپ بىر پىرقىراپلا بوشاندى. ئەخمەت قىزنى قانداقسىگە قويۇۋەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي ئاغرىنغان تۇمشۇقىنى ئالدىراپ سىلىدى. ھېچۋەقەسى يوق. بەزىدە كەكلىكلەر شۇنداق تەپكىلەيمۇ، تۇمشۇقلار چوقۇلايمۇ قويىدۇ، ئەمەسمۇ.

— غەمزە ئوقى ئاتتىڭىزغۇ، خۇلقىڭىزدا مېنى مەستلەر قاتارىغا قاتتىڭىزغۇ! — دېدى ئەخمەت بىر شائىردىن ئاڭلىۋالغان ئىككى مىسرا بېيىتنىڭ ۋەزنلىرىنى بۇزۇپ، ئۇ قايتا بېزەڭلىك قىلماق بولۇپ قىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراش ئۈچۈن بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈۋېدى، سوزغان قولى ئۆلۈكنىڭكىدەكلا سالپىيىپ چۈشۈپ، ئاغزىدىن چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گەپلىرى گېلىغا تىقىلىپ قالدى.

— نېمە قىلىغىنىڭىز بۇ دادا؟!

ئۇنىڭ ئالدىدا چوڭ قىزى مۆھەببەت ئانىسىدەكلا سوغ تەلەتتە ئۈيىدەك گۆلىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ سوغۇق كۆزلىرىدە مەسخىرە، مەنسىتمەسلىك، ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام نۇرلىرى چاقنىغانلىقىنى كۆردى، ئەخمەتنىڭ سېرىق چىرايى تېخىمۇ سارغىيىپ كەتتى، يۈرىكى، تۇنجى قېتىم مال سويۇۋاتقان ئادەمنىڭ گال پىچىقىدا كېسىلىۋاتقاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىدى، نېمە دېيەرىنى، نېمە قىلارىنى بىلمىدى. پەقەت ئاغزىنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ كىمنىڭ كۆڭلىكى، مەن كۆرمىگەنلا سىياقتا كىرىپسەنغۇ ياسىنىپ، دېگەنلىكىنى بايقىدى.

— ئاپام ئېلىپ بەرگەن بولمامدۇ، — دېدى مۆھەببەت تىرنىقىنى تاتىلاپ.

ئارىغا جىملىق — گۆرىستان جىملىقى چۈشتى. مۆھەببەت قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يۈزىنى توسىدى، ئۇنىڭ ئىككى يەلكىسى سىلكىندى. ئەخمەتنىڭ بېشىغا توقماق تەگكەندەك بولدى. بەلكى بۇ قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن قايتقان قىساس توقمىقىدۇر. كىشىنىڭ قىساسى كىشىدە قالماس، دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭغىشىپ سۇغا چىلاشقان تۆشۈك كاۋىدەك ئېسىلدى. مەڭزى كۆيگەندەك قىزىدى. ۋۇجۇدىدىكى زىر ئېتىۋاتقان بۇ نېمە غەلىتە تۇيغۇ؟ بىئارامىلىقمۇ، جىددىيلىكمۇ، قورقۇنچمۇ؟ ياق! خىجىللىق ئوخشايدۇ. خىجىللىق ئازابى تارتىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ قېلىنراق بولۇۋېلىپ نى نى سەتچىلىكلەرنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتەلىگەن ئىدىغۇ. بۇ ئوسالچىلىقنىغۇ ئەخمەتتىن كۆرۈشكىمۇ بولمايدۇ، ھەممە گۇناھ قىزنىڭ شەققە ئانىسىدىدۇر بەلكى، شۇ خوتۇننىڭ زاتى بۇزۇقتۇر بەلكى، شۇنداق، بۇ جومباق قىز ھېلىقى ئوششۇرجان دېگەننىڭ تۇخۇمىدىن ئاپىرىدە بولغاندۇر بەلكىم، ئەخمەتتىن شۇنداق قىز تۆرۈلىدۇ، دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ ھە بەللى، بۇ پىكىر نېمىشقا بۇرۇنراق ئېسىگە كەلمىگەندۇ. ئۆزىدىن چوڭ ئاشۇ قارا يۈز خوتۇننىڭ ئالدىدا ئەخمەتنىڭ كۆڭلى ئىتتىڭكىدىنمۇ بەتتەر. ئەخمەتنى بالىلىرىنىڭ ئالدىدا قارا يۈز، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋايى شەرمەندە قىلىۋاتقىنى ئاشۇ زەھەر يۈرەك خوتۇن. ئۇنىڭ كۆزىگە دەرھال جېدەلخور كۆكەمە خوتۇنى كۆرۈندى تېخى ئۇ نېمە دەر، بېشىغا نېمە دەردىسەرلەرنى سالار؟ غەم-غۇسسە، چېگىش ۋەھىمە، رەسۋاچىلىق تۇيغۇلىرى ئەخمەتنىڭ ئاجىز تېنىنى غاجىماقتا ئىدى.

ساراسىمىگە چۈشكەن ئەخمەت قارانچۇقتەك قېتىپ قالغان ئىدى. زېمىن چايقىلىۋاتقاندەك، چۆكۈۋاتقاندەك ئىدى. لەۋلىرى قىمىرلايتتى، لېكىن ئاۋازى چىقمايتتى. قىزىتمىسى ئۆرلىمىگەندۇ؟ ياق! ئۇ ئۆزىنى ئۇخلاۋاتقاندەك، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سەزدى. يۈرىكى ئاغرىشقا باشلىدى. سانجىلىپ قىسىلدى. ئۇنىڭغا قاراڭغۇلۇقتىكى شەھەرنىمۇ ئۇنى ئوراپ تۇرغان قارلىق تاغ تىزمىلىرى چەمبەردەك قىسىپ مىجىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.




( ھېكايە )

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

بۇ ۋەقە بۇندىن قىرىق يىل ئىلگىرى K شەھىرىنىڭ مەلۇم كوچىسىدا بولغان ئىدى...

ياش ئانا مەشكە ئوتىنى ئۇلۇق قالاپ ئۆينى قىزىتىۋەتتى. مەشىنىڭ ئۈستىدىكى چۆگۈن شىقىلداپ بىردەم ناخشىغا بىردەم يىغىغا ئوخشاش ئاۋازلارنى چىقىراتتى.

ئۇ، چېلەكتىن ئاپتۇۋىغا سوغۇق سۇ قۇيدى، چۆگۈندىكى قىزىق سۇنى قۇيۇپ تەڭشىدى، ئاندىن بوۋىقىنى داستا ئولتۇرغۇزۇپ ئۈستىدىن ئاپتۇۋىدىكى ئىللىق سۇنى قۇيۇپ يۇيۇندۇردى-دە، ئاپئاق يۆگەككە ئوراپ بۆشۈككە بۆلىدى. راھەتبەخش سۇنىڭ تەسىرىدىن ئىككى مەڭزى قىزارغان بوۋاق ئانىسىنىڭ ئاستا-ئاستا ئەللەيلىشى بىلەن شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. بۆشۈك يېنىدا ئولتۇرغان 2-3 ياشلاردىكى قىزچاق ئۇيقۇسى كەلگەنلىكتىن ئەسنەپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئانا ئورۇن سېلىپ ئۇنىمۇ ياتقۇزدى. ئىشىك-دېرىزىلەرنى ھىم تاقاپ، ھارغان بەدىنىنى ئورۇنغا تاشلىدى-دە، كۆزلىرىنى يۇمدى، كۆزى ئۇيقۇغا بېرىپ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا ئۇ، يېنىدا ياتقان قىزىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى...

— ئانا ئۇسساپ كەتتىم سۇ... سۇ...

ئۇ، دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. چۆگۈن-چېلەكلەرنى تاراقلىتىپ دۇم كۆمتۈردى. ئەستاغپۇرۇللا، بىر تېمىممۇ سۇ قالماپتۇ، ئاخشام باللارنى يۇيۇندۇرۇپ سۇنىڭ تۈگەپ قالغانلىقى بىردىنلا يادىغا يەتتى. ئاپلا... يامان ۋاقىتتا سۇ تۈگەپتۇ. باللارنىڭ دادىسى بۈگۈن ئىدارىدا كېچىچە دېجورنى بولمەن دېگەن ئىدى. سۇغا چىقىپ كەتسەم بۆشۈكتىكى بوۋاقمۇ ئويغىنىپ، ئىككى بالا يىغلاپ ئالەمنى مالەم قىلماسمۇ، قانداق قىلارمەن،...

كىچىككىنە قىزچاق ھېچقانداق پەپىلەش، ئالداشلارغا قۇلاق سالماي بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى. ئانا ئالدىراپ قالدى. چاپاننى يېپىنچاقلاپ كەشنى پۇتىغا ساپتى، چېلەكنى قولىغا ئېلىپ ھويلىغا چىقتى. تالا قاپقاراڭغۇ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى...

ئۇ ھويلىدىن چىقىپ ئازراق مېڭىپ يەنە توختاپ قالدى... مەھەللىدىكى بىرەر قوشنىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ سۇ سورىماقچى بولدى.

ئۇنىڭدىكى ئاياللارغىلا خاس بولغان تارتىنىش تۇيغۇسى بىرەر-يېرىم قوشنىنىڭ

ئىشكىنى قېقىپ يېرىم كېچىدە سۇ سوراشقا يول قويمىدى... ئەلۋەتتە باللارغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن دېگەن ھالەتتىمۇ بۇنداق يېرىم كېچىدە ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن كىشىلەر نېمىدەپ قالار... ئايال شۇلارنى ئويلاپ، سۇ سوراشتىن يالتايدى-دە، چېلەكنى مەھكەم تۇتقىنىچە ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— خۇدايىم ئۆزەڭ ساقلا... ئايال ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە مەھەللىدىن چىقىپ، كونا سېپىل تۈۋىدىكى كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى... ئازراق ماڭغىنىدا كەينىدىن شىپىر-شىپىر قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى-دە، قورقىنىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ھويلا ئىچىگە قايتىپ كىرىپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگە ئۆي ئىچىدىن قىزىنىڭ سۇ، سۇ دېگەن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئۇنى يەنە كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر قىلدى.

— بىچارە بالام... تاڭ ئاتقىچە مۇشۇنداق يىغلاپ چىقارمۇ؟

ئۇ قىزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن تامشىپ كەتكەن لەۋلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، يەنە غەيرەتكە كېلىپ، چېلەكنى مەھكەم تۇتقىنىچە ھويلىدىن چىقىپ ھېچنېمىگە قارىماي مېڭىپ كەتتى... بىردەم مېڭۋىدى شىپىرلىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. گويا شىپىرلىغان ئاۋاز خۇددى كەينىدىن بىرسى ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ چۆچۈتىۋەتتى. قورقىنىدىن چېلەكنى داراڭلاپ چۈشۈپ يەردە دۈگىلەپ كەتتى. ئۇنىڭ چېلەكنى ئالغىدەكمۇ ماجالى قالمىدى، چېلەكنىڭ داراڭلىغىنى بېسىقاندىن كېيىن ئۇ شىپىرلىغان ئاۋازنىڭمۇ بېسىقىپ قالغانلىقىنى، ئۆزى ماڭسا تەڭ شىپىرلاپ توختىسا تەڭ توختىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئاۋاز بايا ئالدىراپ كىيىۋالغان ۋە ئۆزى «شىپىر-تاق» دەپ ئاتايدىغان سايما كەشىدىن چىققانلىقىنى بايقاپ سەل ئۆزىگە كۈچ پەيدا قىلدى-دە، يەرگە ئېڭىشىپ چېلەكنى ئېلىپ ئىلدام مېڭىپ كەتتى... كۆل بۇ قورۇدىن يۈز مېتىرچە يىراقتا كونا سېپىلنىڭ تۈۋىدە ئىدى. بۇ كۆلنى شەھەر خەلقى «يۇملاق شەھەر كۆلى» دەپ ئاتايتتى. خېلىلا چوڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ كۆلنىڭ ئەتراپى تال-تېرەكلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ ئۈچ-تۆت يېرىدە سۇغا كەلگەنلەر سۇ ئالىدىغان تاختاي بېكىتىلگەن جايلىرى بولاتتى. لېكىن ھازىر سۇ يېرىملاپ قالغاچقا تاختاينىڭ ئۈستىدىن چېلەكتە سۇ ئۇسۇشقا بولمايتتى.

ئايال چېلەكنى كۆتۈرۈپ كۆلنى ياقىلاپ پەسرەك جاينى ئىزدىدى. كۆلنىڭ يانتۇ قىرغىقىدىن بىر يېرىم مېتىرچە پەسلەپ سۇغا يېقىنلاشتى. ئايسىز كېچىدە كۆل سۈيى قاپقارا داۋالغۇپ خۇددى سىياھ تولدۇرۇلغان داشقازاندەك كۆرۈنۈپ ئۇنىڭ تېنىنى شۈركەندۈردى. ئارىلاپ-ئارىلاپ نېمىدۇر بىر نەرسىلەر پالاقىدە ئاۋاز چىقىرىپ كۆل ئىچىدە غايىب بولاتتى... ئايال بىر قولى بىلەن يېنىدىكى بىر تۈپ سۆگەتنى چىڭ تۇتۇۋالدى، ئىككى پۇتى لىغىشىپ تۇرغان يىلتىز ئۈستىدە ئاران تۇراتتى ئۇ ئېڭىشىپ چېلەكنى سۇغا پاتۇرۇپ كۆچەپ تارتىشىغا يىلتىز لىغىشىپ كېتىپ پۇتى تېيىلىپ كەتتىدە ئۇ شالاقىدە ئاۋاز چىقىرىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى... قورقىنىدىن جان-پېنى چىقىپ كەتكەندەك بولدى، لېكىن بىر قولىدىكى سۆگەتنىڭ شېخىنى قويۇۋەتمىدى. شۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردىكىن، بەلكىم بىر قانچە مىنۇت ياكى بىر سائەت تۇرغاندۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقاندەك، ئاسمان بىلەن سۇ ئارىلىقىدا جان تالىشىۋاتقاندەك بىلىندى. سۇ تېخى مۇز توڭلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن خېلى سوغۇق ئىدى. سوغۇق سۇغا چىلىشىپ تۇرۇپ پۇتىنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ قالدى، بەدەنلىرى ئۇيۇشقاندەك بولدى، سوغۇق سۇ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى، بىردىنلا بۇلتۇر سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەن بىر جۇۋاننىڭ جەسىتىنى خەقلەرنىڭ چاڭگاك بىلەن

سۇزۇۋالغىنى كۆز ئالدىغا كەلدى. جوۋاننىڭ قوللىرى پاقىنىڭ قورسىقىدەك ئاپئاق، قورسىقى بولسا دومباقتەك ئىششىپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرىدىگە پاقا لېشى چاپلىشىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئايال بۇ يېرىم كېچىدە سۇغا چىلىشىپ تۇرۇپ گويا ئۆزىنىمۇ سۇچىلار چاڭگاك بىلەن سۇدا ئىزدەۋاتقاندەك ھېس تۇيغۇغا كېلىپ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ئادەم بارمۇ، ئادەم بارمۇ!

يىراقتىن ئۆكچىنىڭ تاشقا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ - مادار بەخش ئەتتى. ئۇ يەنە ۋارقىرىدى.

— قۇتقۇزۇڭلار، مەن سۇدا...

قولى شاختىن چىقىپ كېتىپ يىلتىزنى ئاران تۇتۇۋالدى. ئاغزىغا سۇ كىرىپ كەتتى، ئۇ سۇنى ئاغزىدىن پۈركۈپ چىقىرىۋەتتى. يىراق ۋارقىراشقا چامى كەلمىدى.

كۆلنىڭ بېشىدا بىر كىشىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى ۋە ئەر كىشىنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي، قايسىڭ ۋارقىرىغان!

— مەن، مەن، مەن،

— مەن كۆرەلمەيۋاتىمەنغۇ!

— مەن... مەن... سۇدا، مەيەردە.

ئەر كىشى قاراڭغۇدا سىيپىلاپ يۈرۈپ كۆلنىڭ يانتۇ قىرغىقىدىن پەسكە چۈشتى. ئۇ سۇدا پالاقشىپ يۈرگەن ئايالنى ئاران ئىلغا قىلدى، سىيپىلاپ يۈرۈپ ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى-دە، كۈچەپ تارتىپ چىقاردى.

چوكاننىڭ ئۈستى - بېشىدىن سۇ قۇيۇلاتتى، ئۇزۇن چاچلىرى بەدىنىگە يىپپىشىپ كەتكەن ئىدى...

ئەر كىشى ئەجەبلەندى، ئايالنىڭ نېمىشقا يېرىم كېچىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكىنىنى چۈشىنەلمىدى. شۇ ئارىدا ئايالدىن زوۋان چىقتى.

— ياخشى كىشى، چېلەكىمنى ئەپچىقىپ بەرگەن بولسىلا.

ئۇ ئادەم بىردەم تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن تېپىلغاق بولۇپ كەتكەن يەردىن ئاۋايلاپ كۆلگە چۈشۈپ يىلتىزغا ئىلىنغلىق چېلەكنى ئاران تاپتى. ئۇنى ئەپچىقىپ ئايالنىڭ قولىغا تۇتقازدى.

— ئۆزىڭىز كېتەلەمسىز، ئۆيىڭىز يېقىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەر كىشى.

ئايال بېشىنى ئىغاتتى. قاراڭغۇدا ئەر كىشى ئۇنى كۆرمىدى، ئايال كەتمەي تۇراتتى. بەدىنىدىن ئاققان سۇ ئەتراپنى كۆلچەككە ئايلاندۇرغان ئىدى، ئۇ تىترەيتتى. چىشلىرى بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ كاسىلدايتتى. ئۇ دەرمانسىز قوللىرى بىلەن چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ قارىدى، چايقىدى. ئىچىدە سۇ يوقلۇقىنى بايقىدى. ئۆيدە سۇ... سۇ... دەپ نالە قىلىپ ياتقان باللىرىنى ئەسلىدى. ئەر كىشىگە بىر چېلەك سۇ ئەپچىقىپ بەرسىڭىز، دېمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن ئاغزى بارمىدى، ئاستا چېلەكنى كۆتۈرۈپ كۆلنىڭ ئىچىگە ماڭدى.

ئەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

— نەگە بارىسىز يەنە، يەر تېيىلغاق بوپكەتكەن تۇرسا، ئۆلگىڭىز كەلدىمۇ نېمە.

— ئوبدان كىشى. باللىرىم سۇ... دەپ... خاپا بولماي بىر چېلەك سۇ ئەپچىقىپ بەرگەن بولسىڭىز.

ئەر كىشى جىمجىت تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى:

— ئۇسسۇغانىغا باللار ئۆلۈپ قالمايدۇ. مېڭىڭ يولىڭىزغا.

ئايال نائىلاج چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كەلدى. ئىشكنى ئېچىپ قىزىنىڭ تېخىچە سۇ... سۇ... دەپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆردى، ئۇ چېلەكنى سىڭايان قىلدى. چىنىگە بىرنەچچە تامچە سۇ چۈشتى. ئايال چىنىنى بالىنىڭ لىۋىگە ئەكەلدى. ئۇسساپ كەتكەن بالا ئاچكۆزلۈك بىلەن سۇنى يۇتتى. بالىنىڭ يىغىسى پەسىيىپ، تىلىنى تامشىپ ئۇخلاپ كەتكىنىنى كۆرگەن ياش ئانا بايىقى دىشۋارچىلىقلارنى ئېسىدىن چىقاردى...

# ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر نەزەر



ئابلەت ئۆمەر

تىياتىر — پروزا، شېئىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل، كىنو، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق ھەرقايسى ژانىرلارنىڭ بىرىككەن گەۋدىسى بولۇپ، خىلمۇ خىل جانلىق سەھنە ئوبرازلىرىنى يارىتىش ئارقىلىق تاماشىبىنلار قەلبىنى ئۈزلۈكسىز لەرزىگە سالىدىغان ۋە كۆپ تەرەپلىمە مۇرەككەپ بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت، شۇنداقلا سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە نىسبەتەن بىۋاسىتىلىققا، كۈرەش تۇيغۇسىغا، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت دۇردانىسى. دۇنيا تىياتىرچىلىق تارىخىدىكى شېكسپىر، ئىبسىن، موللىېر، شىللىر، چېخوۋ، ئوستروۋسكى، گۆەن خەنچىڭ، ساۋ يۈي قاتارلىق تىياتىر ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىباھا گۆھەر سۈپىتىدە تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە

مۇھاكىمە

سازاۋەر بولالىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلار رېئال تۇرمۇشتىكى بەزى تىپىك ھادىسىلەرنى بەدىئىي گۈزەللىككە، غايەت زور بەدىئىي قۇدرەتكە ئايلاندۇرغان.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، تىياتىر خىلمۇخىل بولىدۇ. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىكى خاراكتېرىگە قاراپ، تىراگېدىيە، كومېدىيە، تېراگېكومېدىيىلەرگە؛ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ، دراما، ئوپېرا، ئۇسسۇللۇق دراما، ناخشا-ئۇسسۇللۇق دراما، شېئىرىي دراملارغا؛ تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ، كۆپ پەردىلىك دراما، بىر پەردىلىك دراما، ئىتودلارغا، ژانىر كاتېگورىيىسىگە قاراپ، سەھنە تىياتىرى، كوچا تىياتىرى، رادىئو تىياتىرى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە باشقىلارغا بۆلۈنىدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ يەرلىك ناخشا سەنئىتى، مۇزىكا سەنئىتى، ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ھەر خىل ئەلنەغمە شەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ۋە مەلۇم سەھنە ۋەقەلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تىياتىر شەكلى بولسىلا، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ يەرلىك مىللىي تىياتىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىياتىرى خۇددى ياۋروپا تىياتىرى، ھىندى تىياتىرى، ۋېيتنام تىياتىرى، ياپون تىياتىرى، چاۋشيەن تىياتىرى، جۇڭگودىكى ھەر خىل شىچۈي تىياتىرلىرى، زاڭزۇ تىياتىرى، موڭغۇل تىياتىرى، جۇاڭزۇ تىياتىرى ۋە باشقا تىياتىرلارغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس مىللىي شەكىل ۋە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان بىر خىل تىياتىر شەكلى. ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەرلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكى، مىللىي خاراكتېرى، تىل ئالاھىدىلىكى ۋە مىجەز-خۇلقى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل تىياتىرنىڭ سەھنە ۋەقەلىكىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشىلىرى، مۇقام ئاھاڭلىرى، مۇزىكىلىق داستانلىرى، ئۇسسۇل ھەم لەپەر شەكىللىرى، راۋاپ قوشاقلىرى، ئېيتىشىش، مەشرەپ، مەدداھلىق شەكىللىرى ئورگانىك ھالدا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇر تىياتىرى قاچان ۋە قانداق شەكىللەنگەن، ئۇ قانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن؟

ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەلىماتى بىزگە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىياتىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ئەدەبىياتقا يېڭى مەزمۇن ھەم شۇ خىل مەزمۇنغا مۇناسىپ كېلىدىغان يېڭى شەكىل بەخش ئېتىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تىياتىرى — خۇددى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى پوئېزىيە، پروزا ژانىرلىرىغا ئوخشاش قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مول مەزمۇنغا، تاماشىبىنلارنى مەپتۇن قىلارلىق گۈزەل شەكىلگە، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا، جۈملىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇنبىرىدىمۇ بەلگىلىك شۆھرەتكە ئىگە. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بۇ تۈر نۇرغۇن ئەسىرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، گاھى راسا جانلىنىپ، گاھى تۇرغۇنلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى باسقۇچقا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى ئاساسەن، تۆۋەندىكى ۋاقىتلار بويىچە شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ:

## 1. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىياتىرى

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئەمگەكچان، سەنئەتخۇمار، خۇش پېئىل، قىزىقچى خەلق

بولغاچقا تىياتىر سەنئىتىمۇ خۇددى باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە ئوخشاش ئەھمىيەت بىلەن قارىلغان. يازما ئەدەبىيات بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرى تەركىبىدە تىياتىر سەنئىتى ۋە تىياتىر ئەدەبىياتىنىڭ ئامىللىرى مەۋجۇت ئىدى. قەدىمكى چۆچەك، لەتىپە، داستان، جەڭنامە، رىۋايەت ۋە خەلق قوشاقلىرى تەركىبىدە، مەسخىرىۋازلىق، دارۋازلىق، سېھىرگەرلىك، دورامچىلىق، ئېيتىشىش، قىزىقچىلىقلار، ھايۋاناتلار ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەقلىد قىلىنغان ھەرخىل ئويۇنلار بار بولۇپ، بۇ خىل ئويۇن پائالىيەتلىرى تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي ئىزنالىرى سۈپىتىدە ھەرخىل بايرام-سەيلىلەردە، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ۋە مەرىكىلەردە، مەشرەپ سورۇنلىرىدا مەخسۇس كىشىلەر تەرىپىدىن ئوينىلاتتى. مەسىلەن، «سۈرىتىنى تامغا تارتىش»، «ساماسا يېقىش»، «پاختەك ئۇچۇرۇش»، «دەۋا سوراش» قاتارلىقلار، قورچاق ئويۇنىمۇ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى بولۇپ، بۇ ئويۇن ھازىرمۇ بەزى جايلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. روشەنكى، كومېدىك مۇزىكىلىق درامىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى، پېرسوناژلار قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە بەدىئىي لەززەت بېغىشلايدىغان، مەنىۋى تەربىيە بەخش ئېتىدىغان تىياتىرلار ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇزاق زاماندىن بۇيان ئوينىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئارقىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا تىياتىر ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىي پارچىلار ئىنتايىن كۆپ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىياتاش رەسىملىرى، قىزىل مىڭئۆي، تۇرپاندىكى بېزەكلىك ۋە دۇڭخۇاڭدا ساقلىنىپ قالغان رەسىملەردە مول دراماتىك ۋەقە-كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خەلقىمىز ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىجاد قىلىپ ۋە بېيىتىپ كېلىۋاتقان سىمفونىيىلىك 12 مۇقام ناخشا-مۇزىكىلىرىدىمۇ قويۇق دراماتىك خۇسۇسىيەت ئىپادىلەنگەن. 6-ئەسىردىكى ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى كومىراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا خېنىم مۇكەممەل تىياتىر ئويۇنلىرىنى ئىجاد قىلىپ، قەدىمكى شەھىريار—كۇچادا مەخسۇس ئارتىسلار بىلەن ئوينىغان. بۇ چاغدىكى ئەڭ مەشھۇر تىياتىر — «سومۇز» دەپ ئاتىلىپ، تۆت پەردىلىك بۇ ئويۇن تارىم ۋادىسىدا شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن دەسلەپكى تاڭ پادىشاھىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن چاڭئەندىمۇ ئوينالغان.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي دىياردا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئويۇن-تاماشا پائالىيەتلىرى كەڭ ئەۋج ئالغان، قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن)، كۈسەن (كۇچا)، سۇلى (قەشقەر) قاتارلىق جايلاردا كەسپلەشكەن سەييارە ئويۇن قويۇش ئۆمەكلىرى بولۇپ، ئۇلار خىلمۇخىل تىياتىر نومۇرلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئەتكەن. كۇچادا ھەر يىلىنىڭ 7-ئايلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «سومۇز» ئويۇنىدا يۈزىگە ھەر خىل نىقابلارنى تارتقان ئەر-ئاياللار گاھى ھايۋانلارنىڭ، گاھى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ شەكلىگە كىرىپ قىزىقارلىق ئويۇن كۆرسەتكەن. شۇ چاغلاردىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغان، كومېدىيىلىك درامىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى پەيدا بولغانلىقى پاكىت.

ئۇيغۇر فولكلور ئەدەبىياتىدىمۇ، خۇددى يۇنان ۋە باشقا قەدىمكى ئەللەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاش مەسخىرە

كومېدىيە شەكلى ئەزەلدىن مەۋجۇت. بۇ خىل شەكىل تىياتىرنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرىدىنىڭ بىرى سۈپىتىدە خەلق چۆچەكلىرىدە، خەلق داستانلىرىدا، خەلق رىۋايەتلىرىدە ئۆزىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق فولكلورىنىڭ تىپىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، موللا زەيدىن لەتىپىلىرى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرى، جۈملىدىن زامانىمىزدىكى ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەسخىرە كومېدىيە تۈسىنى ئالغان دېيىشكە بولىدۇ. مۇبادا، بۈگۈنكى كۈندە لەتىپىلەردىكى بۇ خىل ئىپادىلەش شەكلىنى تىياتىرچىلىق تەلىپى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرالىساق، مۇھىمى ئۇنىڭدىكى پەلسەپىۋىلىك ئىپادە قىلىش ماھارىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىساق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا يېڭى بىر مۆجىزە ياراتقان بولىمىز، ئەلۋەتتە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى ھەم مەنبەسى. ۋەھالەنكى، ئۇ پەقەت يازما ئەدەبىيات دەۋرگە قەدەم قويغاندىلا، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەدەبىيات بولالايدۇ. بىز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭدا قويۇق سەھنە خاراكتېرلىك شەكىللەرنىڭ، مول دراما ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مىلادى 5-، 7-ئەسىرلەردە، ئورخۇن دەرياسى بويىغا ئورنىتىلغان ئورخۇن-يەنسەي مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرى مۇكەممەل بەدىئىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا، بولۇپمۇ كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى ئابىدىسىدىكى تېكىستتە دراماتىك خۇسۇسىيەتلەر خېلى قويۇق. ئىدىقۇت تېكىستلىرى ئىچىدىمۇ بەدىئىي ئەدەبىيات، جۈملىدىن تىياتىر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە پارچىلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاۋۋال شامان ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان، شامان دىنىنىڭ بەزى دىنىي پائالىيەتلىرى دراماتىك كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ھال شامان دىنىي تەلىماتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېكايە، قىسسەلەردە، داستانلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. باتۇر چاشتانى ئىلىگبېگنىڭ جىن-شاياتۇنلار بىلەن ئېلىشىش كۆرۈنۈشلىرى قويۇق دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. قەدىمكى توخار (كۇچا، قارا شەھەر) تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ناملىق مەشھۇر ھېكايىنى پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى بىر پروزا ئەسىرلا ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل بىر دراما ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەردىكى ئىككى ئوبراز ئىشچان، ئەقىللىق، خۇش چاقچاق، ئەدەب-ئەخلاقلىق، ھۈنەر-سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان تىپىك ئوبرازلاردۇر. ھېكايە كۈچلۈك كومېدىيىلىك، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، كىشىگە ئېستېتىك زوق ۋە گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ.

گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناسى، پروفېسسور ئا. ۋ. گابائىن قوجۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «شۇ دەۋردىكى خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ بەدىئىي سەنئىتى، ئاۋازسىز تىياتىرى، ئۇسسۇللۇق تىياتىرى زور مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ھازىر ساقلانغان قول يازمىلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى خەنزۇ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.» «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئوپېرا ئۆمەكلىرىنىڭ ناخشىچىلىرى، ئەر-ئايال سازەن-

دىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۆز ماھازەتلىرىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇ يەرلەردە قىزغىن ئالقىشقا ئىگە بولغان» .

روشەنكى، قوجو-ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىياترى خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. ئەينى زاماندىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى بولغان 27 پەردىلىك «مايترى سىمىت» دىرامىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىدا ئۇنىڭ نامى «مائىترىسامىتىناتاكا» دەپ يېزىلغان بولۇپ، «ناتاكا» سۆزى ئەنەتكەن (سانسكرت) تىلىدا «دراما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ پاكىت ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىمۇ تىياتىردىن ئىبارەت بۇ ژانىرنىڭ خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى ئالتۇن دەۋرى ھېسابلانغان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە گەرچە ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرى ئادەم ئوبرازىنى سەھنىدە قايتا نامايان قىلىشنى چەكلىگەنلىكى تۈپەيلىدىن مەخسۇس سەھنە ئەسەرلىرى كۆپلەپ مەيدانغا چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە دراماتىك توقۇنۇش ۋە پېرسوناژلارنى ئىپادىلەيدىغان ياكى سەھنە ئەسىرى قىلىپ ئويناشقا بولىدىغان زور بىر تۈركۈم بەدىئىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن بولغان «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» بىزنىڭ بۇ كۆز قارىشىمىزغا ئىسپات بولالايدۇ. بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قايسى ژانىرغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ ۋە شەرھلەپ، ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا «قۇتادغۇبىلىك» ئالدى بىلەن ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى، لىرىكىلىق ئېپىك داستان شۇنىڭ بىلەن بىللە، قويۇق دراماتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر شېئىرىي دراما.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» نى ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە ئاپتورنىڭ ئالىيجاناب غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى يۈكسەك ئارزۇ-ئىستەكلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن ئابستراكت ھالدا تونۇشۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ئورنى، ھايات قارىشى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، ياشاش ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، مىجەز-خۇلقى، ئومۇمەن ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان خىلمۇخىل پېرسوناژلار ئارىسىدىكى جانلىق ۋە كەسكىن دىئالوگلارنى، چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك مونولوگلارنى ئاڭلايمىز، شۇنداقلا سيۇژىتنىڭ راۋاجى جەريانىدا يۈز بەرگەن دراماتىك توقۇنۇش ۋە زىددىيەتلەرنى كۆرىمىز. نەتىجىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى، بولۇپمۇ ئەينى زاماندىكى قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ پۈتكۈل قىياپىتى گويا كۆرگەزمىخانىدىكى جەزىبىدار سۈرەتلەرنىڭ ئۆزىدەك كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. روشەنكى، ئاپتورنىڭ بۇ قىممەتلىك شاھ ئەسىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول مەزمۇن ۋە ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە قۇرۇق، يالىڭاچ ياكى تومتاق ھالدا ئەمەس، بەلكى گۈزەل شېئىرىي تىل، باي بەدىئىي تەسەۋۋۇر، جانلىق بەدىئىي ئوبراز، مۇكەممەل سيۇژىت ئارقىلىق، ئىككىنچى بىر تۈرلۈك سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سيۇژىتلىق داستان ھەم نەزىم بىلەن يېزىلغان شېئىرىي دراما شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

دراما — ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ قىيىن، ئەڭ
ئۇنىۋېرسال ۋە ئەڭ ئالىي شەكلى. ئۇنىڭ
تىلى يالغۇز ئىندىۋىدۇئاللاشقان بولۇپلا قالماي،
بەلكى باي ھەرىكەتچان بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى
پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى پروزا ئەسەرلىرىدىكە-
دەك خىلمۇخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەمەس،
مۇھىمى پېرسوناژلارنىڭ تىلى (دىئالوگ ۋە
مونولوگى) ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاپتورنىڭ
چۈشەندۈرۈشى بولمىسىمۇ، ئۆز خاراكتېرىنى
بىۋاستە روشەنلەشتۈرىدۇ. پېرسوناژ تىلىنىڭ
ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە ھەرىكەتچانلىقى جەھەتتە،
شېئىرىي دراما «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى
يۇنان، ھىندىستان ۋە جۇڭگو دراملىرىدىن
قېلىشمايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى دەلىللەش
ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا نەزەر تاشلاش
كۇپايە.

بىرىنچى، ئەدەبىيات تارىخىدىن قارىغاندا،
شېئىر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى
بولۇپ، يۇنان، ھىندى، جۇڭگو تىياترلىرىنىڭ
شېئىر بىلەن يېزىلغانلىقى، ئىلگىرى كۆپلىگەن
شېئىرىي داستانلارنىڭ ھەم ئوقۇلۇپ ھەم
ئوينىلىپ كەلگەنلىكى، كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ
ئەينى ۋاقىتتا دراماتورگ بولغانلىقى ھەممىگە
ئايان، قەدىمكى ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرى
ئەينى ۋاقىتتىكى دراما-تىياترلارنىڭ شېئىر
بىلەن يېزىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى
شېئىر دەپ ئاتىغان. ئارستوتىل ئۆزىنىڭ
دراماتورگىيە ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن
ئەسىرىنى «پوئېتىكا»، يەنى «شېئىرىيەت
ئىلمى» دەپ ئاتىغان. شېكسپىر، گېيوتى،
گېگىل، ھيۇگو، بېلىنسكىي قاتارلىقلار دراماتورگىيە
ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئۇلارنى
«شېئىرىي دراما»، «شېئىرىي تراگېدىيە»
دەپ ئاتىغان.

دراما-تىياتىر سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى
ۋە تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمكى
كۆپلىگەن دراما-تىياترلار شېئىر بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شېئىر بىلەن تاكامۇللاش-
قان. بېلىنسكىي «شېئىرنىڭ تۈرى» ناملىق
ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «شېئىرىي
دراما — شېئىرنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى،
سەنئەتنىڭ گۈلتاجى» دۇر.

ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى بېلىنسكىينىڭ
قارىشىچە، شېئىرىي دراما، — پىشىپ يېتىلگەن،
مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ئارىسىدا، مەزكۇر
مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ گۈللەنگەن
دەۋرىدە مەيدانغا كېلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»
دەل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن
شانلىق تارىخىي دەۋرىنىڭ مەھسۇلى.

ئىككىنچى، تىياتىر ياكى دراما ئەسىرى
بىلەن سەھنە كىتابى باشقا-باشقا ئۇقۇم
بولۇپ، دراما-تىياترلارنىڭ ھەممىسى سەھنىدە
ئويناش ئۈچۈنلا يېزىلىۋەرمەيدۇ، لېكىن ئۇنى
ئوقۇغاندا ئۇ كىتابخانلارنى سەھنىدە كۆرگەندىن-
مۇ بەكرەك مەپتۇن قىلىپ، چوڭقۇر مەنىلىك
پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي تەربىيە ھەم كۈچلۈك
ئېستېتىكىلىق لەززەت بەخش ئېتىدۇ، «قۇتاد-
غۇبىلىك» كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چەكسىز
كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدىغان ۋە ئېرىتىدىغان
مۇنەۋۋەر شېئىرىي دراما ھېسابلىنىدۇ. روشەن-
كى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن كلاسسىك
ئەسەرلەر خۇددى ئاتاقلىق تۈركشۇناس
گابائىن ئېيتقاندەك، ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس،
ھەتتا يادلىۋېلىش ھەم سەھنىدە ئويناش
ئۈچۈنمۇ يېزىلغان دېيىشكە بولىدۇ. «قۇتاد-
غۇبىلىك» نىڭ تۈركىيە دراماتورگلىرى، تەرىپىدىن
سەھنە ئەسىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، سەھنى-
گە ئېلىپ چىقىلغانلىقى بۇ نۇقتىنى تولۇق
ئىسپاتلايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» گەرچە
تاماشىبىنلارنىڭ كۆز سەزگۈسى ئارقىلىق

سەھنىدە بىۋاسىتە كۆرۈشى ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ئوقۇپ چىقىپ بەدىئىي لەززەت ۋە زېھنىي تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن يېزىلغان مۇنەۋۋەر شېئىرىي دراما بولۇپ، ئۇنىڭدا لىرىزم بىلەن دراماتىزم زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇ دراما ئامىللىرىغا ۋە دراماتىك خۇسۇسىيەتكە باي بولغانلىقتىن، ئانچە زور كۆچ سەرپ قىلمايمۇ سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا تامامەن مۇمكىن.

«قۇتادغۇبىلىك» ساددا ماتېرىيالىزم ئاساسىدا يېزىلغان پەلسەپىۋى تەشۋىقات دراممىسى بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى مۇتەپەككۇرلارغا خاس پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرىنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسىرىدە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، پېرسوناژ ھەم ۋەقەلەرنى ئابستراكتلاشتۇرۇش سەنئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئەلۋەتتە. ئەمما، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئابستراكت پەلسەپىۋى ئۇقۇمنى ئادەملەشتۈرۈپ، يۈكسەك ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي ئۇنۇم ھەم ئېستېتىك قىممەت ياراتقانلىقى — سەنئەتتىكى بىر ئالاھىدىلىك ھەم ئىجادچانلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، دەرۋەقە، توقۇنۇش ۋە زىددىيەت بولمىسا، سۇژېت بولمايدۇ، سۇژېت بولمىسا دراممۇ بولمايدۇ. مەزكۇر شېئىرىي درامىدا ئۈچ يۈرۈش زىددىيەت توقۇنۇشى ئىپادىلەنگەن: ①ئايتولدىنىڭ دۆلەت خىزمىتىگە ياردەملىشىش نىيىتىنىڭ بىردىنلا ئەمەلگە ئاشماي، ئۇردا ئەمەلدارىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كۈنتۇغدىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەنلىكى؛ ② ئايتولدى ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن، كۈنتۇغدىنىڭ قابىل ياردەمچىسىنىڭ چىقماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاتىسىدىنمۇ ھىممەتلىك ۋە تالانتلىقلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولغانلىقى؛ ③ ئۆگدۈلمىش ھەر جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن دانىشمەن ئودغۇرمىشنى ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئۈچ قېتىم بارغانلىقى، ئودغۇرمىشنىڭ ئوردىغا كېلىپ، ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى شەرھلىگەندىن كېيىن، تەۋەررۈك ھاسىسى بىلەن ياغاچ قاچىسىنى كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشكە يادىكار قىلىپ داۋاملىق زاھىتلىق قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەتكەنلىكى، مانا بۇ ئەڭ مۇھىم دراماتىك توقۇنۇش بولۇپ، بۇ پەردە سۇژېت ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى تېخىمۇ روشەن نامايان قىلىنىدۇ. درامىنىڭ يېشىمى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن كىتابخان (تاماشىبىن)لارنىڭ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشىگە ھاۋالە قىلىنىدۇ. ئاپتور يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چىن، ھەقىقىي تەسىراتلىرى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلىدۇ. درامىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئورۇنلانغان، توغرىراقى، ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلىنغاندا، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان-شەرەپكە ئېرىشىپ، پۈتۈن خانلىقنى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەنلىكى بۇنىڭ جانلىق مىسالى.

ئاپتور باش تېمىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى، ئۆز درامىسىنى ئەنئەنىۋى دراما-تىياتىرلاردەك ئوردا توقۇنۇشىنى، مۇھەببەت ۋەقەلىكى ياكى رازۋېدكا-جاسۇسلۇقنى ئاساس قىلغان كۆپ پېرسوناژلىق، ئىجابىي-سەلبىي سېپى پەرقلىق مۇرەككەپ سۇژېتلىق درامىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە پەلسەپىۋى دراما سۈپىتىدە يېزىپ چىققان. شۇڭا ئۇ مۇھەببەت دراممىسىمۇ، قەھرىمانلىق دراممىسىمۇ، ئاجايىپ-غارايىب ۋەقەلەر بايان قىلىنغان ئوردا دراممىسىمۇ ئەمەس.

زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپنىڭ ئانتاگونىيلىك پايدا-زىيان توقۇنۇشىدا بولماسلىقى — «قۇتادغۇبىلىك» درامىسىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى.

تۆتىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» نى كومپوزىتسىيە جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭدا دراما ئەسەرلىرىنىڭ سوژېتىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالتە باسقۇچ، يەنى مۇقەددىمە، باشلىنىش (تۈگۈن)، راۋاج، ئەۋج (كولمىناتسىيە)، يېشىم، خاتىمىدىن ئىبارەت بۆلەكلەر روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ 12-بابتىن ئىلگىرىكى قىسىملىرى «مۇقەددىمە» بولۇپ، 12-بابتا ۋەقە باشلىنىدۇ، شۇڭا بۇ باب مەزكۇر درامىنىڭ بىرىنچى پەردىسى بولۇپ، بۇ پەردىدە ئاساسەن، ئايتولدى ۋەزىرنىڭ كۈنتۇغدى ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، دۆلەت باشقۇرۇشقا قاتناشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى پەردىدە ئايتولدىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئوردىدىكى ئورنىغا ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە تەدبىرلىك ئۆگدۈلمىشنىڭ ئولتۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى پەردىدە ئودغۇرمىشنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىشقا تەييارلىق قىلىشتىن تارتىپ تۇنجى قېتىم تەكلىپ قىلغانغا قەدەر بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ؛ تۆتىنچى پەردىدە ئودغۇرمىشنى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلىش ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ؛ بەشىنچى پەردىدە ئودغۇرمىشنىڭ ئوردىغا كەلگەنلىكى، گەرچە ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيادا ياشاش پەقەت خۇداغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، كىشىلەر-گە قوشۇلۇش، ھەتتا، بالا-چاقىلىق بولۇشمۇ گۇناھ دېگەن قارىشىغا قارشى «دۇنيادا ياشاشتىن مەقسەت، ئەل-يۇرتقا، ئىنسانىيەتكە بەخت كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، خەلققە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىبادەت، ئەلدىن ئايرىلىپ قىلغان ئىبادەتنىڭ پايدىسى يوق» دەپ ئۇنى قايىل قىلغان بولسىمۇ، ئودغۇرمىشنىڭ يەنىلا زاھىدلىق قىلىشقا قايتىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر درامىنىڭ «خاتىمە» سى ھېسابلىنىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ تارىخىي چىنلىقى شۇنداقلا دراملىق، بەدىئىي ۋە پەلسەپىۋى ئىجتىمائىي چىنلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، درامىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئەسەردىكى تۆت ئاساسىي پېرسوناژنىڭ مۇنازىرىلىرى، سۆھبەتلىرى، مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا مۇكەممەللىشىپ، ئەسەرنىڭ دراماتىك قۇرۇلمىسىغا سىڭدۈرۈلگەن.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئاپتور بۇ شېئىرىي درامىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى، زىددىيەت-توقۇنۇشلار-نى جانلىق ۋە يارقىن ئىپادىلەش مەقسىتىدە، ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان، ئۇ بولسىمۇ ئەنئەنىۋى رېئالىزم ئۇسۇلى بىلەن رومانتىزم زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. رومانتىزم ھامىلىقىدىن ئايرىلغان سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەتتا ئەڭ ماھىر رەسساممۇ ئەينەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان ھەم رېئال ھەم خىيالىي گۈزەل كارتىنىسىنى شۇنچە نەپىس ۋە كۆركەم ھالدا سىزىپ بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تەك نادىر ئەسەرنىڭ 11-ئەسىردە قاراخانىلارنىڭ پايتەختى بولغان قەدىمىي قەشقەر دىيارىدا دۇنياغا كېلىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ھايات، كۆز قاراش، ئىلمىي پائالىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت

ئەھۋالى، جۈملىدىن ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

دۇنيا تىياتىر سەنئىتى يۇنان، ھىندىستان ۋە جۇڭگو تىياتىرچىلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىستېمىدىن تەركىب تاپقان. «يىپەك يولى» دىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت قانىلى ئاشۇ ئۈچ چوڭ سىستېمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان قىيا تاشقا چېكىلگەن رەسىملەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا دراما-تىياتىرلارنىڭ ئوينىلىشقا باشلىغانلىقىنى، مىلادى 7- ۋە 8- ئەسىرلەرگە كەلگەندە تازا ئەۋجىگە چىققانلىقىنى دەلىللەشكە بولىدۇ. سانسكرىتچە دراما «سارىپۇترا» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 27 پەردىلىك چوڭ تىپتىكى دراما «مايتىرى سىمىت»، شېئىرىي دراما «قۇتادغۇبىلىك» ۋە باشقا كىچىك تىپتىكى ئۇيغۇر دراملىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇ ئەسەرلەر ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا بارلىققا كەلگەن سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىر نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا مەيدانغا چىققانلىقىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ناملىق بۇ شېئىرىي دراما يۇنان، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دراماتورگىيىسى بىلەن پېرسوناژلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئويۇن كۆرسىتىش شەكلى، زامان-ماكان ئۆزگىرىشى، دراما قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان تامامەن يېڭى بىر خىل دراما-تىياتىر شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلار ياشىغان «غەرىبىي دىيار» نىڭ مۇنبەت زېمىنىدا يارىتىلغان پارلاق مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇجەسسەملەشكەندۇر.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» يالغۇز «غەرىبىي-دىيار» ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى، دۇنيانىڭ قەدىمكى دراماتورگىيە ساھەسىدىمۇ ئەڭ ئېگىز چوققا ۋە بىر پارلاق مۇنار. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى ئەدەبىياتى بىلەن بىللە پورەكلەپ ئېچىلغان قار لەيلىسى. يۇنان، ھىندىستان تىياتىرچىلىقى بىر مەزگىل خازان بولغان شارائىتتا، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ژانىر، بەدىئىي شەكىل ۋە كەڭ ھەم چوڭقۇر مەزمۇنى ئارقىلىق دۇنيا دراما-تىياتىرچىلىق تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان نامايەندە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل مول مەزمۇنى يېڭى ۋە گۈزەل شەكلى ئارقىلىق دۇنيا دراما-تىياتىرچىلىق سەھىپىسىدىن مۇناسىپ بىر ئورۇن ئىگىلىشكە تامامەن ھەقلىق.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئاساسىي رول ئوينىدى. مۇشۇ مەنىدە ئۇيغۇر تىياتىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستانچىلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەم راۋاجلانغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر بىز يېقىنقى يىللارغىچە ئوينىلىۋاتقان «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «رابىيە-سەيدىن» قاتارلىق تىياتىرلارنى تەھلىل قىلىپ باقساق، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ تىياتىر قۇرۇلمىسى، سيۇژېت توقۇنۇشى، پېرسوناژ خاراكتېرى ۋە پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ يۈكسەك ۋە مول ئىدىيىۋى مەزمۇنىلا ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىمۇ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغانلىقىنى، يېزىلىش ئۇسلۇبىمۇ ياۋروپا ئوپېرالىرى

ياكى ھىندىستان دراملىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يالغۇز ئىلاھلار، خۇدالار، پەيغەمبەرلەرنىڭلا ئەمەس، ھەتتا ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى سەھنىدە كۆرسىتىشنى مەنئىي قىلىش ئىسلام ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ دەپ قارالغاچقا ھەر خىل تىياتىر شەكىللىرى ۋە دراماتىك ئامىللارنىڭ خەلق لەتىپىلىرى، ھېكايە-قىسسەلىرى ۋە خەلق داستانلىرىغا سىڭىشىپ كەتكەنلىكى بىر خىل قانۇنىيەت. گېرمانىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ، شائىر ۋە تىياتىرچى براشت (1898-1956) ئۆزى ئىجاد قىلغان «تارىخىي داستان تىياتىرى» نى يېڭى زامان تىياتىرى دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشاش، بىزمۇ كلاسسىك داستانلىرىمىزدىن مەشرەپ، مەدداھلىق، ھەزىلكەشلىك قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئىدىيىمىزنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ يېڭى زامان ئۇيغۇر تىياتىرىنى ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر ناۋائىي، ئابدۇرېھىم نىزارى داستانلىرى ۋە مول خەلق داستانلىرى زېمىنىدىن ئوزۇق ئېلىپ يېڭى زامان ئۇيغۇر تىياتىرىنى تېخىمۇ كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

## 2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتى تارىخىدا تىياتىرچىلىق مەلۇم ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىياتىرى ئەسلىگە كەلدى، تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتى شەكىللەندى. كونكرېتنى ئېيتقاندا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى قايتا گۈللەندى. 20-ئەسىرنىڭ 10-يىللىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدا يېڭىچە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى پەيدا بولدى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن بولغان 1916-يىلىدىكى ئىلى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا دەسلەپكى كوچا ئويۇنلىرى پەيدا بولدى. ئۇ غۇلجا شەھەر كوچىلىرىدا ئوينىلىپ زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا يۈز بەرگەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرى شىنجاڭغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە، چۆچەك، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەردە 20-يىللارنىڭ ئاخىرى 30-يىللارنىڭ باشلىرىدا دەسلەپكى تىياتىر گۇرۇپپىلىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا 30-يىللاردىكى مىللىي زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىدىن ئىبارەت ئىنقىلابىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەر تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ماۋدۇن قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئويغىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردە ئىچكى تەسىر بىلەن سىرتقى تەسىر ئۆزئارا بىرلىشىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ئاستىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرى شەكىللەندى. 1934-يىلى ئۈرۈمچىدە «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش» ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەخسۇس سەنئەت تەشكىلاتى «سانائى نەفىسە» تەشكىل قىلىندى. بۇنداق مەدەنىيەت ئاقارتىش پۈتۈن شىنجاڭدا ئەۋج ئالدى. يازغۇچى-دراماتورگلار بىر قاتار ئىلغار سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى. 1935-يە-

لى ئاقسۇدا «موسا بېگىم بولاي دەيمەن»
قاتارلىق كومېدىيلەر دراما قىلىنىپ سەھنىدە
ئوينالدى. بۇ كومېدىيلەردە ئەزگۈچى سىنىپلار
تەنقىدلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەتنىڭ
ناچار ئىستىللارنى، يامان ئىشلارنى پاش قىلىد-
ىغان «ساتىراش»، بەڭگىلەرنى تەنقىد ۋە
ھەجۋى ئاستىغا ئالىدىغان «چېكىملىكنىڭ
نەتىجىسى» يامان ئىللەتلەرنى تەنقىدلەيدىغان
«شەرمەندىلەر»، خۇراپاتلىقنى تەنقىدلەيدى-
غان «نامان خەلپەت» قاتارلىق كومېدىيلەر
ۋە مۇزىكىلىق درامىلار ئارقا-ئارقىدىن ئىجاد
قىلىندى ۋە ئوينالدى. 1936-يىلىغا كەلگەندە
ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى بىرقەدەر يۈكسىلىش
دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى
كومېدىيە، مۇزىكىلىق درامىنى ئاساس قىلىشتىن
ئوپېرا تىياتىرىنى ئاساس قىلىشقا قاراپ يۈزلەن-
دى. شۇ يىلى شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم
بۇنىڭدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى ئۇيغۇر
كلاسسىك شائىرلىرى تەرىپىدىن قەلەمگە
ئېلىنغان خەلق داستانى «غېرىپ-سەنەم»
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى-
دىن قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلار تەرىپىدىن
سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئوينالدى. يۇقىرىقىدەك
سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئوينىلىشى ئۇيغۇر
تىياتىر تارىخىدىكى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇر
مەدەنىيەت تارىخىدىكى يېڭى بىر شانلىق
سەھىپە بولدى. 1937-يىلىغا كەلگەندە
شىنجاڭدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدىن بىر
تۈركۈم دراماتورگلار يېتىشىپ چىقتى ھەم
ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلدى.
مەسىلەن، دراماتورگ خەمىت ھەكىمنىڭ:
«پېرخون»، «ئانارخان»، «ئەمەت
سەرراپ»، «تىرىلگەن ئاقچا» قاتارلىق
درامىلىرى، زۇنۇن قادىرنىڭ «جاھالەتنىڭ
جاپاسى»، «زەينەپكە تۆھمەت» ناملىق
درامىلىرى سەھنىلەشتۈرۈلدى. شۇ مەزگىللەردە
ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ،
خوتەنلەردە «تامچە قاندىن مىليون چېچەك»،
«غېرىپ-سەنەم»، «شاڭخەي كېچىسى»،
«قانلىق داغ» قاتارلىق ئەسەرلەر شۇنداقلا
«شانلىق غەلىبە» ۋە باشقا سەھنە
ئەسەرلىرى ئىجاد قىلىنىپ ئوينالدى. ئابدۇللا
روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» دراممىسى، پەتتارجان-
نىڭ «كۈرەش دولقۇنى» دراممىسى، بۇلاردىن
باشقا «سىگنال»، «ئۇچۇقتۇرۇش» قاتارلىق
درامىلار ئوينىلىپ، خەلقنىڭ قىزغىن قارشى
ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، ياپونغا
قارشى، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەزمۇن قىلىنغان
«باتۇر يىگىت»، «يۈك ئىشچىلىرىنىڭ
غەزىپى»، لىن جىلو ئىجاد قىلغان «سادا»
قاتارلىق درامىلار ئوينىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ
كۈرەش روھىنى ئۇرغۇتتى. مۇشۇ مەزگىللەردە
يېزىلغان زۇنۇن قادىر درامىلىرى ناھايىتى زور
تەسىر كۆرسەتكۈچلۈك رول ئوينىدى. زۇنۇن
قادىر ئۆزىنىڭ «جاھالەتنىڭ جاپاسى»
دراممىسى بىلەن ھازىرقى زامان تىياتىر
ئىجادىيىتىدە يېڭى يول ئاچتى.

زۇنۇن قادىر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىر
سەنئىتى تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ رېئال تېمىنى
يېزىپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ
بەرگەن تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگ.
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىراگېدىيە-
لىك ئاقىۋىتى ئىپادىلىنىپ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى
جىددىي دراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە ئېچىپ
بېرىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېمىنىڭ كۆپ
تەرەپلىملىكى، رېئاللىققا سادىقلىقى، ئاكتىۋاللىقى،
ئوبرازلارنىڭ جانلىقلىقى، زىددىيەت توقۇنۇشنىڭ
ئۆتكۈرلۈكى، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا، يارقىن
مىللىيلىككە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولغانلىقى، مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە

ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭ دراملىرىغا روشەن تراگېدىيىلىك ئاڭ سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئاڭ پېرسوناژلارنىڭ ئۆتكۈر زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن. «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق دراملاردىن بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئاپتور، «غۇنچەم» درامىسىدا ئۆتكۈر تىل، كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قاتمۇقات زۇلۇمى ئاستىدىكى پاجىئەلىك تەقدىرىنى ھەققىي چىن تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ دراما ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر. بۇ درامىدا مەزمۇن ۋە شەكىل تەرەپلەردە مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈپ 30-يىللاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مىللىي پىسخىكىسى خېلى روشەن ئېچىپ بېرىلگەن. مەزكۇر دراما 30-يىللاردىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ئۇيغۇر دراما ئىجادىيىتىنىڭ بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سەھنىلىرىدە داۋاملىق ئوينالماقتا.

ئۇيغۇر تىياتىرى 40-يىللارغا كەلگەندە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. 40-يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر قاتار يېڭى ئەسەرلەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپ تىياتىر ئىجادىيىتى ساھەسىدە ئالاھىدە دولقۇن كۆتۈرۈلدى. مانا مۇشۇ يۇقىرى دولقۇننىڭ سەركەردىلىرى؛ لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، شۈكۈر يالقۇن، ئېلى ئېزىزلەردۇر. بۇ چاغدا بۇلار بىر قانچىلىغان دراملارنى ئىجاد قىلدى ۋە بۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى سەھنىدە ئوينالدى. ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ «كۆرەش قىزى»، «ساماساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «چىن مودەن»، «چىمەنگۈل» قاتارلىق دراما-ئوپېرالىرىدا، فېئوداللىزمنى ۋە ئادالەتسىزلىكنى پاش قىلدى. بۇ دراما-ئوپېرالار سەھنىدە ئوينىلىپ زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى. شۈكۈر يالقۇننىڭ «شاڭخەي كېچىسى» قاتارلىق دراملىرىدا فېئوداللىزم ۋە جاھانگىرلىك غەزەپ بىلەن تەنقىدلەندى. ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ «ساماساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «كۆرەش قىزى»، «چىن مودەن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە فېئودال خۇراپاتلىقنى پاش قىلىپ، پەننىي بىلىم ئۆگىنىشنى تەشۋىق قىلدى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلدى.

1942-يىلى شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ئاشكارا ھالدا كومپارتىيىگە، خەلققە، ئىنقىلابقا قارشى مەيدانغا ئۆتتى. بۇ دەۋردە سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر سەنئىتى بولۇپمۇ مۇزىكىلىق دراما سەنئىتىنىڭ ئىستىقبالى توسۇلۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ئىلغارلىقنى، دېموكراتىك ئىنقىلابنى كۆرەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سەھنە ئەسەرلىرى چەكلەندى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي 1943-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە» 1945-يىلى «رابىيە-سەيدىن» قاتارلىقلار ئوينالدى. شائىر نىم شېھىتنىڭ «لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھاد-شىرىن» قاتارلىق ئەسەرلىرى، ل. مۇتەللىپنىڭ «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» قاتارلىق دراملىرى ئارقا-ئارقىدىن ئوينالدى. بۇ ئەسەرلەردە روشەن دېموكراتىك خاھىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ل. مۇتەللىپ 40 - يىللاردىكى ئىلغار ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلابىي شائىر، ئاتاقلىق دراماتورگ ئىدى. ئۇ ياشىغان مەزگىللەردە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىنىشقا باشلىغان بولۇپ، يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان ئىنتىلىش كۈچلۈك ئەۋج ئالغان. بۇ چاغدا سوۋېت كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قۇرۇلۇش غەلىبىسىنىڭ تەسىرى شىنجاڭغىمۇ چوڭقۇر بولغان ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-نىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىدىن چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، شىنجاڭدا ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىيىسى دەسلەپكى قەدەمدە تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ خىل ئىنقىلابىي ئىشلار شىنجاڭنىڭ مائارىپ ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىدا مەنىۋى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەت شىنجاڭ يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر تۈركۈم يازغۇچى سەنئەت-كارلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ل. مۇتەللىپ قاتارلىق دراماتورگلار ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن باشلامچىلىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك غايىسىنىڭ يېڭى بىخلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ «كۆرەش قىزى» دراممىسىدا تىغ ئۇچىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ياپون جاھان-گىرلىكىگە قارىتىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا، كۆرەش قىلىشقا، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرغان بولۇپ، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «چىن مودەن» قاتارلىق درامىلىرىدىمۇ ئەنە شۇ خىل ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغان، ئومۇمەن ئۇنىڭ درامىلىرى خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا، خەلقنىڭ قەلبىگە پەن-مەدەنىيەت ئۇرۇقىنى چېچىشتا، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتا، خەلقنىڭ زۇلۇمغا، تاجاۋۇزچىلىققا، ئادالەتسىزلىككە ۋە فېئودال تۈزۈمگە قارشى كۆرىشىدە ئىلھام بەخش رول ئوينىدى. ل. مۇتەللىپنىڭ 40-يىللار-دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا ئۇ شەك-شۈبھىسىزكى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرى-دىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ. چۈنكى ئۇ غايىۋى جەھەتتىن ئەينى يىللاردىكى ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرالىدى. ئۆز غايىلىرىگە كۆپلىگەن كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىپ ئۇلارنى يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى. بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتىن ئۆز دەۋرىگە باب يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىزدەندى. شۇ زامان تىياتىر سەنئىتى ئىجادىيىتىنى بەلگىلىك ئورۇن ۋە ئابرويغا ئىگە قىلىشتا ئەدەبىي تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئوينىدى.

40-يىللاردىكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن يەنە بىرى شۈكۈر يالقۇندۇر. ئۇ زۇنۇن قادىر، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق دراماتورگلىرىمىز بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىمىزغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۆلۈم»، «مۇھىم ھۆججەت»، «شاڭخەي كېچىسى»، «دەل توي كۈنى» قاتارلىق بىر قاتار درامىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار دېموكراتىك، ۋەتەن-پەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ «مۇھىم ھۆججەت»، «شاڭخەي كېچىسى» قاتارلىق درامىلىرىنىڭ مىللەت ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ زور تەسىر قوزغىشى

تىياتىر تارىخىدا ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 40-يىللاردىكى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا تىياتىرنىڭ رولى خېلى زور بولدى. 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تىياتىر ژانىرى زور دەرىجىدە بېيىدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1944-يىلدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رايونلىرىدا ئىلغار ئىدىيىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى قويۇش ئەركىنلىكى ۋە پائالىيىتى يولغا قويۇلۇپ تىياتىر سەنئىتى بىرقەدەر راۋاجلاندى. «باي ۋە مالاي»، «ئىككى بايغا بىر مالاي»غا ئوخشاش چەت ئەل ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ ئوينالدى. ئۇنىڭدىن باشقا «غۇنچەم» دىرامىسى، كلاسسىك ئوپېرالاردىن «غېرىپ-سەنەم»، «لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھاد-شېرىن» قاتارلىقلار سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئاممىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتتى.

دېمەك، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىمىزدا 30-يىللاردا زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسى، 40-يىللاردا ل. مۇتەللىپنىڭ «كۆرەش قىزى»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، شۈكۈر يالقۇننىڭ «شاڭخەي كېچىسى» ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالدىنقىسى ئاساس، كېيىنكىسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالدى. بۇ دەۋردىكى تىياتىرچىلىقىمىزنىڭ ئاساسىي تېمىلىرى فېئودالىزمغا، نادانلىققا قارشى تۇرۇش بولۇپ بۇلاردا يۈكسەك دېموكراتىك خاھىش ئەكس ئەتكەن. بۇ خىل تىياتىر نەتىجىلىرى كېيىنكى دەۋر تىياتىرى سەنئىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ياراتتى.

50-يىللارغا كەلگەندە ھەقىقىي سەھنە سەنئىتى باھارى يېتىپ كەلدى. ھەم پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي* قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كەسپىي تىياتىر قوشۇنى بەرپا بولۇپ ئارقا-ئارقىدىن كۆپلىگەن سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالدى. 50-يىللارنىڭ بېشىدا «قانلىق داغ»، «يېتىملەر يېشى»، «زۇلۇمغا زاۋال»، «زومىگەرلەر خەلق قولىدا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى قويۇلۇپ فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشكە ئىلھام بەردى. 1956-يىلى يەنە زۇنۇن قادىرنىڭ كوپېراتسىيىلىشىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «توي» دىرامىسى ئوينىلىپ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت تىلىك دىراما كۆرىكىدە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا چەت ئەل سەھنە ئەسەرلىرىدىن شېكسپېرنىڭ «گۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق»، ئابدۇللا قادىرىنىڭ «شاھى سوزان»، چېخوسلوۋاكىيە سەھنە ئەسىرى «سىرلىق سومكا» قاتارلىقلار ئۇيغۇر مۇزىكىلىق دىراما تىياتىرى خادىملىرى تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىپ تىياتىرچىلىقنى مەزمۇن جەھەتتىن بېيىتتى. ئارقىدىنلا «يالغۇز قىز» دىرامىسى ئوينىلىپ خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

60-يىللارنىڭ باشلىرىدا تىياتىر سەنئىتىنىڭ خىلمۇ-خىل شەكىللىرى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىپ يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ تىياتىر سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلدى. «ئائىلە ئىشلىرى»، «ئاتمىش بىر سىنىپىي قېرىنداش»، «قوش توي» قاتارلىق دىرامىلار مۇشۇ يىللاردا تەرجىمە قىلىنىپ ئوينالغان بولۇپ، 60-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئوپېرا سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى نامايان قىلىدىغان زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە يەنە «قىزىل ئاياللار قوشۇنى»، «ئارشىن مال ئالان»، «مۇدەن گۈل» قاتارلىق دىرامىلار ئوينالغاندىن تاشقىرى يەنە

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تارىخىي تېمىدىكى ئوپېراسى «كۆرەش يولى» مۇ ئوينالدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلار يۈرگۈزگەن مىللىي ئىنكارچىلىق ۋە مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى، ئەكسىلئىنقىلابىي «ئەدەبىيات-سەنئەت دىكتاتورىسى نەزەرىيىسى» تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى ۋەيران قىلىندى. ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانلىرى ئاساسىدا ئوپېرالاشتۇرۇلغان ئەسەرلەر بولسۇن ياكى ئازادلىقتىن كېيىنكى سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەر بولسۇن «فېئودالىزم قالدۇقلىرى»، «زەھەرلىك چۆپ» دەپ قارىلىپ بىراقلا نابۇت قىلىندى. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولماي قالدى. دراماتورگلىرىمىز رېئاللىقنى يېزىشقا پېتىنالماي قالدى. سەھنىدە ئاتالمىش «ئۈلگىلىك تىياتىر» لاردىن قالسا، بەزى تەرجىمە ئەسەرلىرىلا ئوينىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى.

### 3. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىياتىرى

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» ۋەزىيىتى شەكىللىنىشكە باشلىغاچقا زور بالايى ئاپەتنى باشتىن كەچۈرگەن ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ ھەرقايسى تۈر ژانىرلىرىدا زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە تالانتىنى ھەر تەرەپتىن جارى قىلدۇرۇپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ نەتىجە تىياتىر سەنئىتى ۋە تىياتىر ئەدەبىياتىدا خېلى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئىلگىرىكى قاتمال ھالەتنى مەلۇم دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇش يولىدا ئىزدىنىپ بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. تىياتىر سەنئىتى خىزمىتى ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامىدا دۇنياغا يۈزلىنىپ دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەرلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. زۇنۇن قادىر، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەمەت ئۆمەر، ئېلى ئېزىز قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ قايتىدىن قولغا قەلەم ئېلىشى، تۇرسۇن يۇنۇس، مەمتىلى زۇنۇن، تۇرسۇنجان لىتىپ، ئىمىن ئەخمىدى، ئابلەت قېيۇم، مەمتىمىن قۇربان قاتارلىق ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دراماتورگلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «پەرھات-شېرىن»، «رابىيە-سەيدىن»، «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە» قاتارلىق كىلاسسىك تىياتىرلار ۋە ھازىرقى زامان تىياتىر ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ مەزگىللەردە تارىخىي تېمىدىكى دراملارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى زور بولدى. بۇ جەھەتتە ياش دراماتورگ تۇرسۇنجان يۇنۇسنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ «قانلىق يىللار»، چوڭ تېپتىكى تارىخىي مۇزىكىلىق دراما «مۇقام ئەجدادلىرى» قاتارلىق تارىخىي دراملىرى بىلەن ئىجادىيەتتە بىر مەزگىل «چەكلەنگەن رايون» دەپ قارىلىپ كەلگەن تارىخىي تېما ئۈستىدە توختىلىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا «قانلىق يىللار» ۋە «مۇقام ئەجدادلىرى» دراملىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىياتىر سەنئەت كۆرىكىدە ئارقا-ئارقىدىن كۈمۈش مىدالغا ئېرىشتى. تۇرسۇنجان يۇنۇس كەڭ تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ۋە نەزەرىيە خادىملىرى ئارىسىدا تالاش-تارتىش

قىلىنىپ كېلىۋاتقان چىگىش ۋە نازۇك مەسىلىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى بولۇپمۇ سەئىدىيە دەۋرىدىكى خوجا-ئىشانلارنىڭ ئىچكى نىزالىرىغا، مۇناسىۋەتلىك بولغان مەلىكە ئامانىساخان، قېدىرخان ۋە سۇلتان ئابدىرېشىتخان قاتارلىق بىر مۇنچە تارىخىي شەخسلەرنىڭ، مەرىپەتپەرۋەر مۇقامشۇناسلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئەينى زاماندىكى مەرىپەت ۋە تەرىقەت كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يورۇتۇپ بەردى. «قانلىق يىللار» دىرامىسى ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ھەمدە 80-يىللاردىكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. شائىر ئىمىن ئەخمىدى بىلەن ئابلەت قېيۇم بىرلىشىپ يازغان تارىخىي دىراما «مۇلجەر تاغ بورانلىرى» نىڭ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا قىلغان ئىجابىي تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى. بۇ دىرامىمۇ زور تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە يۇقىرى بەدىئىي قىممىتى بىلەن 1985-يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇش تېمىسىدا يېزىلغان تىياتىرلارنى باھالاش پائالىيىتىدە «ئىنتىپاقلىق» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا «رابىيە-سەئىدىن»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «كۆمۈلمەس ئىزلار»، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى»، «يەتتە قىزلىرىم»، «چىن مودەن»، «قانلىق ساۋاق»، «قىساس»، «تاشۋاي»، «تەڭرىتاغ ئوغلى»، «ئانارگۈل» قاتارلىق تارىخىي تېمىلاردا يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ ئاپتورلار تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن باھا بېرىپ، تارىخىي رېئاللىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئاساسىدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ھەرخىل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كۈرەشلەرنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، بۇ كۈرەشلەردە جان پىدالىق كۆرسەتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى. بۇ ئەسەرلەردە ئاپتورلار تارىخىي رېئاللىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك بولغان شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى يۈرەكلىك بىلەن مەدھىيىلىدى. سۆكۈشكە تېگىشلىك بولغان رەزىللىكلەرنى دادىللىق بىلەن پاش قىلدى.

بۇ مەزگىلدە يەنە بىر قىسىم ئاپتورلار ئىلگىرىكى بىر مەھەل ئەۋج ئالغان مەدھىيەۋازلىققا مەلۇم دەرىجىدە خاتىمە بېرىپ، كەڭ خەلق جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇشقا باشلىدى. ئۇلار مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نادانلىق، خۇراپاتلىق، كونىلىققا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ ئۆز ئۆزىنى كەمسىتىش، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلماسلىق، مەنمەنلىك، ھەشەمەتچىلىك، بىلىمسىزلىككە ئوخشاش ناچار خاھىشلارنى كۈچلۈك تەنقىد قىلىپ خېلى كۆپ يوشۇرۇن مەسىلىلەرنى ئېچىپ بەردى. مەمتىلى زۇنۇننىڭ 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان «مەسلىھەت چېيى» ناملىق دىرامىسى بۇ جەھەتتە تۇنجى قەدەم بولدى. بۇ دىرامىدا مىللىتىمىزنىڭ توي-تۆكۈن ئىشلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ناچار ئادەتلەر پاش قىلىندى. شۇڭا بۇ دىراما جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «كۈتۈلمىگەن توي» ناملىق ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك كومېدىيىسى جەمئىيەتتە يەنىمۇ زور تەسىر قوزغىدى. كومېدىيىدە خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ

كېلىۋاتقان مىللەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان نەۋرىنى نەۋرىگە چېتىشتەك كونا ئادەتلەرنىڭ زىيىنىنى بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنە ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى تەرىپىدىن ئورۇندالغان «ئاجايىپ توي» مۇ بۇ جەھەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان تىياتىردۇر.

يېقىندا يەنە تۇرسۇنجان لىتىپ يازغان سەككىز كۆرۈنۈشلۈك كومېدىيە «قېرى يىگىتنىڭ تويى» تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئاپتور درامىدا جەمئىيەتتە كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان توي-تۆكۈندىكى ناچار قائىدە-يوسۇنلارنىڭ قاتتىقلىقىدىن توي قىلالماي قېرىپ كەتكەن پازىل ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ ھەم كۈلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بەدىئىي ماھارەت بىلەن نامايان قىلىپ، توي قىلىش جەريانىدا چىدىغۇسىز ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى بېسىمدىن ئاچچىق يۇتۇپ يۈرگەن سانسىزلىغان يىگىتلەرنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى ھەمدە توي-تۆكۈندىكى ھەشەمەتچىلىك، ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرنى، كىشىنى بىزار قىلىدىغان بىمەنە قائىدە-يوسۇنلارنى راسا قامچىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «ھەسىنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق»، «قايچا قۇدا»، «كۆڭۈلدىكى توي»، «ئىككى ئانا»، «ئېزىتقۇ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتىن بەزى نۇقسانلاردىن خالى بولالمىسىمۇ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

نۆۋەتتە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە پەن-مەدەنىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلىپىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ باردى. بۇ ھال يازغۇچى سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئالدىغا مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە يېڭى، ئۆزگىچە بولغان يۈكسەك دەۋرچانلىق زامانىۋىلىككە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى تەلەپلەرنى قويدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان زامانىۋىلىق — ئەنئەنىدىن ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكتىن يىراقلىشىش ئەمەس، ئەكسىچە مىللىيلىكنى ئاساس قىلىپ شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەسەر مەزمۇنىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش. بۇ جەھەتتە تۇرسۇنجان لىتىپنىڭ «سىز بىزگە ئىشىنەمسىز؟» ناملىق كومېدىيىلىك درامىنىڭ تەسىرى چوڭ بولۇپ، ئاپتور ئىسلاھات جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنى تەسۋىرلىگەن.

شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ مەزگىلدىكى تىياتىرلارنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولدى. گەرچە ئوپېرا ۋە درامىلارنى ئورۇنداش سەنئەت مۇۋەپپەقىيىتى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ ئەمما كىشىلەرگە بەرگەن تەسىرى خېلىلا زور بولدى.

80-يىللاردا تەرجىمە تىياتىرچىلىقىمۇ تەرەققىي قىلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر بالىلار تىياتىرىمۇ بىخ سۈرۈپ گۈللەندى. «ئەجەل سىرتمىقى» (فرانسىيە)، «ئىككى بايغا بىر مالاي» (ئىتالىيە)، «نۇرخان» (ئۆزبېكىستان)، «ئارشىن مال ئالان» (ئەزەربەيجان)، «كرىستال ئالتۇن كەش» قاتارلىق تەرجىمە تىياتىرلار ئوينىلىپ ياخشى ئۈنۈم ياراتتى.

ئۇسلۇب جەھەتتىن ئالغاندىمۇ بىر قىسىم دراماتورگلار ئىلگىرىكى بىر مەزگىللىك قاتمال ھالەتنى خېلى زور دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاپ، ئىجادىيەتتە يېڭى يول ئاچتى، بۇنىڭ تىپىك مىسالى تۇرسۇنجان يۇنۇسنىڭ «دۇنياۋى تىلسىمات» ناملىق 10 كۆرۈنۈشلۈك درامىسىدۇر. بۇ دراما ئۇنىڭ يەنە بىر خىل يېپيېڭى شەكىل

ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان نادىر دراممىدۇر. ئاپتور بۇ درامىدا تېما، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن بۆسۈش ھاسىل قىلدى. ئەسەردە تارىم دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىش ۋە بىر قېتىملىق دالا پراكتىكىسىغا چىقىش جەريانىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق نۆۋەتتە پەن-تەتقىقات ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئوبراز يارىتىش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە يول تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي ھالىتىنى نازۇك پسىخىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئېچىپ بەردى. ئاپتور ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ يېڭىچە يول تۇتۇپ ئەنئەنىۋى دراما قۇرۇلمىسىدىكى پەردە، كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەجمى ئوخشاش بولۇشتەك قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ پەردە، كۆرۈنۈشلەرنى ۋەقەنىڭ ئېھتىياجى ۋە زىددىيەت توقۇنۇشنىڭ راۋاجى بويىچە دولقۇنسىمان ئورۇنلاشتۇردى. كۆرۈنۈشلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۇزۇن، بەزىلىرىنى قىسقا، بەزىلىرىنى ھېكايە تۈسىدە، بەزىلىرىنى رىۋايەت شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش شەكلىنى يېڭىچە بىر تۈسكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور ھايات ئادەملىرىنى تەسۋىرلىگەندىن سىرت يەنە مورگان، لۇشۈن، مەھمۇد قەشقىرى، گېتلىر، ل.مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر... قاتارلىقلارنىڭ ئەرۋاھىنى ۋە يەنە بۇنىڭدىن 500 يىل كېيىن تۇغۇلىدىغان غايىبانە شەخس كۈن جاھاننىڭ سىماسىنى تىرىك ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كىرىپ سۆزلىتىپ ئەرۋاھلارنىڭ خىلمۇخىل مۇلاھىزىسى ئارقىلىق رېئال ھاياتنى كۆزىتىشكە تىرىشقان. ئاپتور يەنە بەزىدە ئۆزىنىمۇ ئاشۇ پېرسوناژلار ئارىسىغا كىرگۈزۈپ تەسۋىرلىگەن. پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ئادەتتىكى دراممىلاردەك بىۋاسىتە ئەمەس، ۋاسىتىلىك، ئۇچۇق-يورۇق ئەمەس، بەلكى غۇۋاراق ئىپادىلىگەن.

ئاپتورنىڭ بۇ درامىسىدا يارىتىلغان يەنە بىر يېڭىلىق ئاپتور غەرب تىياتىر ئېقىمىدىكى بىمەنە تىياتىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى قوللىنىپ بۇ جەھەتتە ئىزلەنگەن ھەم ئادەم تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئىزلىنىش ئاساسىدا يېڭىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ جۈملىدىن بىر مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىشنى مەقسەت قىلغان. دراما ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇن بىلەن دراما تېمىسى ئىنتايىن زىچ ماسلاشقان. تېما روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور تېمىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تارىخ، پەلسەپە، پسىخولوگىيە ۋە ھازىرقى زامان تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن ئىزلىنىپ كىشىلەر ئويلاپ يېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن لېكىن ھەرقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تېمىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. قىسقىسى، تىياتىر ئىجادىيىتىدە تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ بۇ درامىسى بىرىنچى بولۇپ زىيالىيلار تۇرمۇشىنى، زىيالىيلارنىڭ ئاڭ، ئىزدىنىش، تەتقىقات ئىنقىلابلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىدە خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتۇشقا ھەقلىق.

ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سۈپەت جەھەتتىكى يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلار بولۇش بىلەن بىللە، تېمىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى جەھەتلەردە خېلى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىياتىرى خىلمۇ-خىل باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، 20- ۋە 30- يىللاردىن باشلاپ قايتا بىخلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە خاس تىياتىر شەكلى ۋە ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىپ، ئازادلىقتىن كېيىن تېخىمۇ گۈللەندى. 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى باھار ئاپتىپىدا ئۇنىڭ يۈكسىلىشى بىر قەدەر زور بولدى.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلە شۇكى، بۇ جەھەتتە گەرچە بىر مەزگىل تازا گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، تېماتىك جەھەتتە يېڭىلىق ياراتماسلىق، تارىخىي تېمىدىكى ئەسەر كۆپرەك، رېئال تېمىدىكى، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەر كەمچىل بولۇش، بۆسۈش خاراكتېرىدىكى يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك بولۇشتىن ئىبارەت. شەكىلۋازلىق، دورامچىلىق، ئوخشاشلىق، شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، « شىللىرچىلىق » قاتارلىق ناچار خاھىشلار تىياتىر ئىجادىيىتىمىزنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىغا ۋە تاماشىبىنلىرىمىزنى جەلب قىلالماسلىقىغا سەۋەبچى بولماقتا. بەزى ناتوغرا، مۇجمەل قاراشلار، ئايرىم مەسئۇلىيەتسىز تەنقىدىي مۇلاھىزىلەر دراماتورگلىرىمىزنىڭ دادىل ئىجاد قىلىشىغا دەخلى يەتكۈزمەكتە.

نۆۋەتتە، ئېلىمىز زور ئۆزگىرىشلەر بىلەن تولغان يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، پسىخولوگىيىسى، ئەخلاقىي كۆز قارىشىدا، ھەق-ناھەق ئۆلچىمى، ياخشىلىق-يامانلىق، گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك چەك-چېگرىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. زامانىۋى پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان، يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش ۋە يېڭى مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىۋاتقان ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقى، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشتىكى قابىلىيىتى، جاسارىتى ۋە شىجائىتى بىلەن دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇرماقتا. ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى، جۈملىدىن تىياتىر يازغۇچى سەنئەتكارلىرىدىن يېڭى دەۋرنىڭ كۈتىدىغان ئۈمىدى—مۇشۇ دەۋرنىڭ تۇرمۇش قاينىمىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، « تىياتىرنى گۈللەندۈرۈش » تىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشتىن ئىبارەت.

## ھايات ھەقىقەتلىرى

« ئەقىللىق كىشىلەر ئەبەدىي ئۆز زىيىنى ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرمەيدۇ، خۇشاللىق بىلەن چارە ئىزدەپ بەدىنىدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ » .

شېكسپىر

« ھەممىدىن مۇھىمى، يىراقتىكى غۇۋا نەرسىلەرگە كۆز تىكمەستىن، يانىدىكى ئېنىق ئىشلارنى قىلىش كېرەك » .

توماس كارلىلې




## ئويۇنچى مايمۇنلار

ئەخەت ھاشىم

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مايمۇن ئويناتقۇچى بىر ئادەم بىر جۈپ مايمۇننى ئەگەشتۈرۈپ، شەھەر-يېزىلارنى ئارىلاپ بىر ئورمانلىققا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ياغاچ كەسكۈچى ئىشچىلار ۋە نۇرغۇن ئاھالە ياشايدىكەن. ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بۇ يەردىمۇ مايمۇنلىرىنى ئوينىتىپ ئاز-تولا پۇل تېپىپ كەتمەكچى بوپتۇ-دە، گۈمبۈرلىتىپ دۇمبىقىنى چېلىپ ئادەم يىغقىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ ئورمانلىقتا مايمۇنلار كۆپ ئىكەن. ئۇلار دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمە قىزىقچىلىق بولۇۋاتىدىكىن، دېيىشىپ دۇمباق چېلىنىۋاتقان تەرەپكە قاراپ كېلىشىپتۇ ۋە ئادەملەردىن ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئاستا مارىشىپتۇ. قارىسا، ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئىككى مايمۇن قولىدا قامچىسى بار مايمۇن ئويناتقۇچىنىڭ قوماندىسى ئاستىدا ھەرخىل قىلىقلارنى چىقىرىپ ئويۇن كۆرسىتىۋېتىپتۇ. مايمۇن ئويناتقۇچى قامچىسىنى ئېگىز كۆتەرسە، مايمۇنلار دەرھال يورغا ئاتلارنى دوراپ چېپىشىدىكەن. قامچىسىنى تېز-تېز پىرقىراتسا، مايمۇنلار توختىماي موللاق ئېتىشىدىكەن. قامچىسىنى پەس تۇتۇپ ئىككى تەرەپكە پۇلاڭلاتسا، خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش ئۇسسۇل ئوينىشىدىكەن. ھەربىر ھەرىكەتنى قىلىپ بولۇپ جامائەتكە قاراپ ئەدەب بىلەن تەزىم قىلىشىدىكەن. قىسقىسى نېمە قىل دېسە مايمۇنلار شۇنى قىلىشىدىكەن.

ئورمانلىقتىن كەلگەن مايمۇنلار بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— بىزمۇ مايمۇن، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا مايمۇن، — دەپتۇ مايمۇنلاردىن بىرى قايناپ، — لېكىن ئۇلار بىزگە قارىغاندا كۆپ ئەقىللىق، ماھارەتلىك ئىكەن. ئۇلار ئوينىغان ئويۇنلارنىڭ بىرىنىمۇ بىز ئوينىيالمايمىز، بۇ نومۇس ئەمەسمۇ؟

— ئۇلار دېگەن كۆپنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردە ياشايدۇ، توختىماي جاھان كېزىدۇ. بىز ئورمانلىقتىن نېرىغا ئۆتۈپ باقمىساق

بزدە ئۇلاردكدەك ئەقل، ماھارەت نىمە قلسۇن؟ — دەپتۇ مايمۇنلاردن يەنە بىرى.

— ئۇلار ھەقىقەتەن بەختلك مايمۇنلار ئكەن. بز بەكمۇ تەلەيسز، دۆت ئكەنمز، — دەپتۇ يەنە بر ياشراق مايمۇن ھەسرەتلنىپ.

— مەن بر نەرسگە ھەيران قالدم، — دەپتۇ يەنە بر مايمۇن گەپكە ئارلىشپ، — ئۇلار ئويۇنغا چۈشكەندە ئگسننىڭ كۆزىدىن ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى قامچىدىن باشقا يەرگە قارىمايدىكەن، بۇنىڭدا نىمە سىر باردۇ؟

— ... ... ...

كەچ كىرپتۇ. مايمۇن ئويناتقۇچى بر ئشچىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ. مايمۇنلىرنى بولسا، ئشك ئالدىدىكى بر تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپتۇ. ھەممە جانلىق ئۇخلاپ كەتكەندە بايا ئۇلارنىڭ ئويۇننى كۆرگەن ئورمانلىقتىكى مايمۇنلاردىن بىرنەچچىسى ئاستا كېلىپ ئويۇنچى مايمۇنلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. سالام-سەھەت قىلىشىپ، بىردەم ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەكمۇ ئەقىللىق ئكەنلىكنى ماختىشپتۇ ۋە بۇ ئاجايىپ ماھارەتنى قانداق ئۆگەنگەنلىكى-نى سوراپتۇ.

— ھەي قېرىنداشلىرىم، — دەپتۇ ئويۇنچى مايمۇنلاردىن بىرى ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — بىزدە نىمە ماھارەت، نىمە ئەقىل بولسۇن؟ تاياق-توقماق، زەھەرلىك ئاچچىق قامچا بىزنى ئەنە شۇنداق بىرنەچچە خىل ئاڭسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، قىلمىساق تاياق-دۈمباق يەيمىز، بۇنى ئەقىل، ماھارەت دېگىلى بولامدۇ؟

— ھوي، بۇ نىمە دېگىنىڭلار؟ — دەپتۇ مايمۇنلاردىن بىرى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي، — بايا ناھايىتى ياخشى ئويۇنلارنى ئويناپ بەردىڭ-لارغۇ، بىز سىلەر ئوينىغان ئويۇنلارنىڭ بىرىنىمۇ ئوينىيالمايمىز، سىلەرنىڭ ماھارىتىڭلارغا قاراپ ھەيران قالدۇق.

— ياق ئاغىنىلەر، سىلەر ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەقىل، بۇنداق پايدىسىز ماھارەتكە ھەۋەس قىلماڭلار. توغرا، بىز بەزى ئويۇنلارنى ئوينىدۇق. لېكىن نىمە قىلغۇاتقىنىمىزنى ئۆزىمىزمۇ چۈشەنمەيمىز. پەقەت قامچا تېگىشتىن قورقۇپ، ئاڭسىز ھالدا بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىمىز. ئىگىمىز بىزنى ئۆيگە سولىۋېلىپ، قامچىلاپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلىغان.

— ھە ... مۇنداق دەڭلار، — دېيىشىپتۇ مايمۇنلار ھەيرانلىق ئىچىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ، — بىز تېخى بايىقى ئويۇنلىرىڭلارنى بىلىپ، چۈشىنىپ تۇرۇپ قىلغۇاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇق.

— ياق، بىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىمىز. شۇڭا ئىگىمىزنىڭ كۆزىگە، قولىدىكى قامچىغىلا قارايمىز. بۇنداق ماھارەتنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بار دەيسىلەر؟ ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئېنىق مەقسەت، نىشان بولۇشى كېرەك. بولمىسا شامالغا مۇشت ئاتقاندەك پايدىسىز ئىش بولامدۇ؟

— نىمىدېگەن بىلەنمۇ سىلەر بىزدىن بەختلىك، — دەپتۇ مايمۇنلاردىن بىرى ئۇلارغا قاراپ ھەۋەسلىنىپ، — سىلەر ئىگىڭلەرگە ئەگىشىپ جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىسىلەر، قورساقتىن غەم قىلمايسىلەر-دە.

— ھىم، سىلەر تېخى بىزنى بەختلىك دەۋاتامسىلەر؟ — دەپتۇ. ئويۇنچى مايمۇننىڭ يەنە بىرى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — سىلەر بەختنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىكەنسىلەر. بىلسەڭلار، بىز ئىگىمىزنىڭ قولىدىكى بىر ئويۇنچۇق، شور پېشانە تۇتقۇن، ھەقىقي بەختلىك دەپ سىلەرنى دېسە بولىدۇ. مانا قاراڭلار، بۇ چەكسىز كەتكەن گۈزەل ئورمانلىق سىلەرنىڭ ماكانىڭلار. بۇ يەردە سىلەر ئۆزۈڭلار

بەگ، ئۆزۈڭلار خان ياشايسىلەر، ھېچكىم سىلەرنى بىزدەك بويىنىدىن باغلىۋالمايدۇ، ئۇيان تۇر، بۇيان تۇر دېيەلمەيدۇ. قامچىلىيالمايدۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟

ئورمانلىقتىن كەلگەن بۇ مايمۇنلار ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى، دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر بەختلىك، غەم-قايغۇسىز ياشاۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىپتۇ.

## ئىككى شاگىرت

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى ئون ئالتە ياشقا، يەنە بىرى ئون يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئاتىسى ئۇلارنى ھۈنەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. نېمە ھۈنەرگە بەرسەم بولار، دەپ ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ ئاخىرى: ياغاچچىلىق تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان، ھەرقاچان ئەسقاتىدىغان ھەم پاكىز ھۈنەر، بالىلىرىم ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ چىقسۇن دېگەن نىيەتكە كەپتۇ-دە، ئىككى ئوغلىنى ئىككى ئۇستىغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ.

ئارىدا ئۈچ-تۆت يىل ئۆتۈپتۇ. ھەر ئىككى ئوغۇل ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ، دۇكان ئايرىپ چىقىپتۇ ۋە ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كىچىك ئوغلىنىڭ تېزلا نامى چىقىپ، ياسىغان جاھازلىرى قالتىس بازار تېپىپ كېتىپتۇ. چوڭ ئوغلىنىڭ بولسا، ئانچە نامى چىقماپتۇ. چۈنكى ئۇ كونا پاسوندىكى بىرنەچچە خىللا جاھازلاردىن باشقا غەيرىي-غەيرىي جاھازلارنى ياسىيالمايدىكەن. «ھەر ئىككىسى ئەقىللىق بالىلار ئىدى، ھۈنەر ئۆگەنگەن ۋاقتىمۇ ئوخشاش. ئەمدى نېمە ئۈچۈن نەتىجىسى ئوخشىماي قالدى» دەپ ئويلاپتۇ دادىسى ھەيران بولۇپ ۋە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، بىر كۈنى ئىككى ئوغلىنى چاقىرىپ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئاۋۋال چوڭ ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم ئېيتقىنا، ئۇستاڭ ساڭا ھۈنەرنى قانداق ئۆگەتتى؟

— ياخشى ئۆگەتتى دادا، — دەپتۇ ئوغۇل، — ئۆزى بىلىدىغان ھۈنەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتتى. ئەمما ئۇستام بەكمۇ ئېھتىياتچان ئادەم ئىكەن. ئۆزى سىزىپ بەرگەن سىزىقتىن قىل نېرى، قىل بېرى بولۇشىمغا يول قويمىدى. بەزى جاھازلارنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتەيلى، دەپ تەكلىپ بەرسەم «ياق بالام، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئىشلەيلى، بولمىسا ياغاچلارنى كېرەكتىن چىقىرىۋېتىمىز، مەن نېمە قىل دېسەم شۇنى قىل، ئارتۇقچە كاللا ئىشلىتىپ ئاۋارە بولما» دەپ ئۇنىمىدى. مەنمۇ ئۇستامنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدىم.

— خوش، سېنىڭ ئۇستاڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى كىچىك ئوغلىدىن.

— مېنىڭ ئۇستام ئاكامنىڭ ئۇستىسىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلدى دادا، ماڭا ياغاچچىلىقنىڭ ئومۇمىي قائىدە-تەرتىپلىرىنى سۆزلەپ كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن «ئەمدى ئۆزۈڭ يۈرەكلىك، دادىل ئىشلە، ھۈنەر دېگەننىڭ ئاخىرقى چېكى بولمايدۇ. بۇرۇنقى قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالغان بىلەن ئىلگىرىلىگىلى بولمايدۇ. مەن داڭلىق ئۇستا ئاتالساممۇ، لېكىن مېنىڭ بىلمەيدىغان يەرلىرىم ناھايىتى كۆپ. ئەڭ ياخشىسى ئۇستامدىن ئېشىپ كېتىمەن دەپ تۇرۇپ ئىش قىل» دېدى. مەنمۇ قورۇنماي شۇنداق ئىشلىدىم. بىرنەچچە قېتىم يېڭىچە بىر جاھازنى ياساپ باقاي دەپ بىرنەچچە پارچە ياخشى ماتېرىيالنى بۇزۇپ قويۇۋېدىم، ئۇستام مېنى

ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا «خېلى كالاڭنى ئىشلىتىپسەن، بىرنەچچە تال ياغاچنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقما، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، قورقماي ئىشلە» دەپ مېنى رىغبەتلەندۇردى. بىلمىگەن نەرسىلەرنى سورىسام «سېنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ» دەپ ئاۋۋال مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلىدى. پىكرىم توغرا بولغان بولسا، خۇشال بولۇپ مېنى ماختىدى. پىكرىم خاتا بولغان بولسا، توغرىسىنى چۈشەندۇرۇپ قويدى. ئىش قىلىپ ئۇستامنىڭ يېنىدا ئۆزۈمنى ناھايىتى ئەركىن ھېس قىلدىم. ئۇستام ھۈنەرنى ماڭا مۇشۇنداق ئۆگەتتى دادا، — دەپتۇ.

«ھە ... — دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ دادىسى، — دېمەك ئىككى ئۇستىنىڭ شاگىرت تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمايدىكەن. مەسىلە شاگىرتلاردا ئەمەس، ئۇستىلاردا ئىكەن» .

## ئىككى يولۋاس

ئوتى مول، سۈيى ئەلۋەك بىر يايلاقتا بىر چارۋىچى ياشايدىكەن. ئۇ تاغ ئارىسىدىكى بۇ خىلۋەت يايلاقتا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مال بېقىپ كەلگەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپئاق ساقال بىر جاھانكەزدى بوۋاي بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋاي چارۋىچىنىڭ بەزگەن چېيىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ:

— بۇرادەر، كېچىچە ئۇخلىماي سۈرەن سېلىپ چىقتىڭىزغۇ، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇرۇن بۇ يەردە بۆرە بار ئىدى، — دەپ چۈشەندۇرۇشكە باشلاپتۇ چارۋىچى، — ئۇنى بىر ئامال قىلىپ يوقىتىپ خېلى ئارام تېپىپ قالغانىدۇق. كۆرمەمسىز، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك يېقىندىن بۇيان بۇ ئەتراپتا يولۋاس پەيدا بولۇپ قالدى. قاراڭغۇمۇ چۈشىدۇ يېتىپ كېلىدۇ. زادىلا ئارامچىلىق يوق. بىزنى بەك بوزەك قىلىپ كېتىپ بارىدۇ. ھەر كۈنى كېچىسى ئۆيدىكى ھەممىمىز پالتا-كەكە، تاياق-توقماقلارنى ئېلىپ قوتاننىڭ ئەتراپىدا سۈرەن سېلىپ چىقىمىز.

— ھە ... مۇنداق دەڭ، — بوۋاي بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سوراپتۇ، — يولۋاس بىرمۇ، بىرنەچچىمۇ؟

— بىر بولغان بولسا بىر ئامالنى قىلاتتۇق، بىراق ئىككى دەڭا. ئىككى بولغاچقا تەڭ كەلگىلى بولمايۋاتىدۇ. مەھەللە بەك يىراق، يالغۇزچىلىق تارتىپ قالدۇق.

— ئۇنداق بولسا بەختىڭىز بار ئىكەن، — دەپتۇ بوۋاي خۇشال بولۇپ، — ئەگەر يولۋاس بىر بولغان بولسا تاقابىل تۇرۇش تەس. بولاتتى. ئىككى ئىكەن، ئۇنى يوقاتماق ناھايىتى ئاسان.

— بۇ نېمدېگىنىڭىز؟ — دەپتۇ چارۋىچى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي، — بىرنى يوقىتىش ئاسان بولماي، ئىككىنى يوقىتىش ئاسان بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە ئاسان. ئىككى يولۋاسنى بىر-بىرى بىلەن تالاشقا سېلىپ قويسىڭىز ئۆزىنى ئۆزى يوقىتىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇلارنى قانداقمۇ تالاشقا سالغىلى بولىدۇ دەيسىز؟

— بۇ ئاسان. بىرەر كالىنىڭ مەرىدىن كېچىڭىز، — دەپ چۈشەندۇرۇشكە باشلاپتۇ بوۋاي، — كالىنى قوتاندىن سەل نېرىغا ئاپىرىپ، پۇتىنى چۈشەپ تۇرغۇزۇپ قويۇڭ. بۇ تەييار ئولجىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىككى

يولۋاس تەگلا ئېتىلىدۇ-دە، تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن قان بولۇشۇپ كېتىدۇ.

— راست، بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ چارۋىچى.

جاھانكەزدى بوۋاي چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن چارۋىچى ھېلىقى بوۋاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر قېرى كالىنى يولۋاسلار كېلىدىغان يولغا ئەپچىقىپ باغلاپ قويۇپتۇ-دە، ئۆزى باللىرى بىلەن پالتا-كەكە، تاياق-توقماقلارنى ئېلىپ، قوتاننىڭ ئارقىدا كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. دېگەندەكلا بىردەمدىن كېيىن ئىككى يولۋاس تاغدىن چۈشۈپتۇ-دە، كالىغا قاراپ تەگلا ئېتىلىپتۇ. ئىككىسى بىردەم كالىنى ئۇياقتىن-بۇياققا تارتىشىپ بېقىپ، ئاندىن كالىنى تاشلاپ بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ئېلىشىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يولۋاسنىڭ بىرى ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپلا قاپتۇ. يەنە بىرىمۇ بېشىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ قانغا مىلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. چارۋىچى ئاستا كېلىپ قارىسا، يولۋاسنىڭ بىرى پۈتۈنلەي ئۆلگەن. ئىككىنچىسىمۇ ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى يوق يېتىپ قالغانىكەن. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال كېلىپ، پالتا بىلەن چېپىپ ئۇنىمۇ ئاسانلا ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

چارۋىچى خۇشال بولۇپ: «ئىككى قاغا يوق تالاشسا ئوۋچىغا پايدا» دېگەن راست گەپ ئىكەن دەپتۇ.

## كوت-كوت قېرى مېكىيان

بىر قېرى مېكىيان بار ئىكەن. ئۇ ھەممە ئىشتىن قاقشاپ، زارلىنىپلا يۈرىدىكەن. ھالىغا باقماي باشقىلار بىلەن مەنمەنلىك تالىشىپ كوتۇلداپلا يۈرۈيدىكەن. خېلىدىن بۇيان ياشراق بىر مېكىيان بىر توپ چۈجىنى باشقۇرۇپ كەلگەنىكەن، قېرى مېكىيان ئۇنىڭ ئىشىنى ياراتماي «سەن چۈجىلەرنى ياخشى باشقۇرالمىدىڭ، ئۇلار بەكمۇ گەپ ئاڭلىماس، بەگباش بولۇپ كەتتى، مەن باشقۇرغان بولسام ئۇنداق بولمايتتى» دەپ كوتۇلدىغىلى تۇرۇپتۇ. ئاخىرى بىرنەچچە قېتىم خورازنىڭ قېشىغا بېرىپ، ياش مېكىياننى يامانلاشقا باشلاپتۇ. خوراز ئۇنىڭ كۈندە كېلىپ كوتۇلداشلىرىدىن زېرىكىپ:

— بوپتۇ، بۈگۈندىن باشلاپ چۈجىلەرنى سەن باشقۇرغىن، ياش مېكىيان ساڭا ياردەملەشسۇن، — دەپ يولغا ساپتۇ.

قېرى مېكىيان چۈجىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ھەممە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىپ چۈجىلەرنى بەكمۇ بىزار قىلىۋېتىپتۇ. ئۆزى تۈزۈك ئىش قىلمىغانىنى ئۇستىگە ئەتىدىن-كەچكىچە چۈجىلەرنى ئەيىبلەپ كوتۇلداۋېرىدىكەن. ئاخىرى چۈجىلەر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزلىرى قىلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. قېرى مېكىيان بۇنىڭدىن تېخىمۇ نارازى بولۇپ «ماڭا قىلىدىغان ئىش قالمىدى، ئۇلار مېنى كۆزگە ئىلمىدى» دەپ كوتۇلداشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى يەنە خورازنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەرد ئېيتىپتۇ.

— سەن ھەممىلا ئىشقا ئارىلىشىۋالساڭ باشقىلار قانداق ئىش قىلالايدۇ؟ چۈجىلەرمۇ چوڭ بولدى. ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالدى. سەن ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلماي، ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەر. ئاسمان يىقىلىپ چۈشمەيدۇ، — دەپتۇ خورازمۇ خاپا بولۇپ.

قېرى مېكىيان ماي تارتىپ كېتىپ قاپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ ھېلىمۇ كوتۇلداپ يۈرگىدەك...

# ئەقلى ئىپادىلىنىش ۋە ئەقلى كەملىك توغرىسىدا





ئىسلامجان شېرىپ

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش مەيلى ھەرقانداق نۇقتا ۋە ساھەدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ يېڭى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوللىنىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقىمىزغا بولغان بىر سىناق بولۇپ، بۇ سىناق ئاساسلىقى ئادەملىرىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇتلەق شەرت قىلغانلىقتىن، ئالدى بىلەن ئاھالىمىزنىڭ ئەقلىي ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىگە نىسبەتەن ئومۇمىي تەكشۈرۈش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىز ھېچ يوشۇرماستىن خەلقىمىزدىكى ئەقلىي كەملىكنى ئوبيېكتىپ يوسۇندا ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى كۆزىتىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارمايدىكەنمىز، ئىقتىسادنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانساقمۇ، ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارالمايمىز. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ ئەقلىي پەرقلەر ئۈستىدە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بىزنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

كىشىلەر ئەقلىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى

مۇھاكىمە

ــ ئەقىل تەتقىقاتىدا دۇنيا بويىچە ئىسپاتلانغان ھەقىقەت بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئېچىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي كامالىتى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىكى زور بۆسۈشتۇر. ئەقلىي كامالەت ئەقلىي زېيادىلىكنى بايقاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ ئادەمنى ۋايىغا يەتكۈزۈش بولۇپ، بۇ پائالىيەت كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بىر نەچچە تالانتلىق ئادەمنى تېپىپ چىقىپ ئىلاھىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي زېيادىلىكنىڭ ئاساسىنى ئىلمىي يوسۇندا ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى كەڭ خەلققە ئىگىلىتىپ، ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۈستۈرۈش بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كەلگۈسى غايىمىز بولغان كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ھەر قانداق مۇرەككەپ ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئەقىل بۇلىقىنى ھاسىل قىلىشتۇر. شۇڭا، بىز بۇ ماقالىمىزدە ئەقلىي پەرقلەردىكى زېيادىلىك ۋە كەملىك قانداق بولىدۇ ھەمدە ئەقلىي زېيادىلىكنى قانداق قىلىپ ئۈستۈرىمىز دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز.

## كىشىلەر ئەقلىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە زېھنىي بۆلۈنمىسىنى ئۈستۈرۈش

### كىشىلەر ئەقلىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى

پسىخولوگلار ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئاھالە ئىچىدىكى تەقسىملىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلغاندا، ئەقلىي زېيادە ئۈستۈنلەر ئاز، ئەقلىي ئوتتۇرا ھاللار كۆپ، ئەقلىي زېيادە تۆۋەنلەر ئاز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە بۇنداق ھالەتنى تۆۋەندىكى ئەگرى سىزىق بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

پسىخولوگلار ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ بۇنداق تەقسىملىنىش ئەھۋالىنى ئادەتتە «زېھنىي بۆلۈنمە» ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. زېھنىي بۆلۈنمە ئەقىل سىناش ئارقىلىق ھېسابلاپ چىقىلىدۇ. ئېلىمىز پسىخولوگلىرىنىڭ دۇنيا پسىخولوگلىرىنىڭ ئاشۇنداق قائىدىسى بويىچە 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قارىغاندا،



1 - رەسىم. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەقسىملىنىشىنى كۆرسىتىدىغان نورمال ئەگرى سىزىق

ئەقلىي قابىلىيىتى زېيادە يۇقىرىلار تەخمىنەن 3 پىرسەنتنى، ئەقلىي قابىلىيىتى زېيادە تۆۋەنلەرمۇ 3 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان. ئامېرىكىلىقلاردا ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەقسىملىنىشى ئومۇمەن مۇنداق ئىكەن:

| ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ كوئېففىتسىيېنتى | تۈرلىرى | % |
|---|---|---|
| 140 ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى | ئەڭ مۇنەۋۋەرلەر | 1.5 |
| 120_139 | مۇنەۋۋەر ياكى ناھايىتى ئۈتكۈرلەر | 11 |
| 110_119 | ئۈتكۈرلەر | 18 |
| 90_109 | نورماللار | 48 |
| 80_89 | گالۋاڭلار | 14 |
| 70_79 | ناھايىتى گالۋاڭلار | 5 |
| 0_69 | ئىقتىدارى تۆۋەنلەر (ھاڭۋاقتىلار، ئىقتىدارسىزلار دۆتلەر) | 2.5 |

يالغۇز ئامېرىكىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل غەرب دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەقىل سىناش ھەرىكىتىدە پۈتكۈل ئاھالە تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، ئەقىل سىناش ئۆلچەملىرى بويىچە قارىغاندا، ئەقلىي نورماللار ئاھالىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن (زېھنىي بۆلۈنمىسى 90—110)؛ ئەقلىي مۇنەۋۋەر بولغانلار 6.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن (زېھنىي بۆلۈنمىسى 120-130)؛ ئەقلىي مۇنەۋۋەرلىكتىن ھالقىغانلار 2.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن (زېھنىي بۆلۈنمىسى 130 دىن يۇقىرى)؛ تالانتلىقلار 0.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن (زېھنىي بۆلۈنمىسى 140 دىن يۇقىرى). بۇنداق ئەقلىي سىناشلارنىڭ ئىلمىي بولمىغان جايلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى سەۋىيىدە ئەقلىي پەرقنى ئايرىشتا مۇھىم ئاساس بولغاچقا، غەرب دۇنياسىدا يۇقىرىقى ئۆلچەملەر ھازىر ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا كەڭ قوللىنىلماقتا.

ئالىملار زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى توغما ئۈستۈنلۈك دەپ قاراپ، ئۆزى تالانتلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئىرسىيەتلىك ئاساسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، تالانتلىق ئادەملەرنىڭ نورمال ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن تەرەپلىرىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلماقتا. بولۇپمۇ ئەقلىنىڭ نورمال قابىلىيەت بەلگىلىمىلىرىدە سەل قارالغان خاراكتېر، ئىجادىي قابىلىيەت، بىلىم، ئىقتىدار قاتارلىقلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىسىدىلا شەكىللىنىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرمەكتە. ئۇلار يەنە: تالانت توغما بولمايدۇ، توغمىلىقتىكى زىيادىلىك ياكى كەملىكنى ئادەمنىڭ پاراستى ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، زېھنىي بۆلۈنمىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغان-ئەقلىي كەم بەزى ئادەملەرنى ھەرقانچە تەربىيىلىگەن بىلەنمۇ تالانتلىق بولۇپ چىقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىي كەملىكنى تۈگىتىش شەرت بولىدۇ. ئادەمنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئۈستۈن-ئەقلىي زىيادە بولغاندىلا ئاندىن تاشقى مۇھىت ۋە تەربىيىلىنىش نەتىجىسىدە تالانتلىق بولۇپ يېتىلىدۇ. شۇڭا ئەقلىي زىيادىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش—ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ شەرتى بولىدۇ. يېتىشتۈرۈش ئارقىسىدىلا ئەقلىي كەم ئادەملەرمۇ تالانتلىق بولۇپ يېتىلىدىغان بولسا، مۇھىت، تۇرمۇش، تەربىيىلىنىش شارائىتلىرى ياخشى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تالانتلىق بولۇپ كېتەتتى. ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرساقلا بۇ دۇنيا دانىشمەنلەر دۇنياسى بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، پەرقنى ئېتىراپ قىلىپ، ئومۇمىي خەلق ئىچىدە ئەقلىي زىيادىلىكنى ئۆستۈرۈش، ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈمىزكى، ئەقلىي قابىلىيىتى ئوتتۇراھاللار مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ، زىيادە يۇقىرىلار بىلەن زىيادە تۆۋەنلەر ئىنتايىن ئازچىللىقنى تەشكىل قىلىدۇ.

پسىخولوگلار ئەقلىي قابىلىيەت تەتقىقاتىنى ئومۇمىي ئاھالىگە ئەمەس، ئالدى بىلەن بالىلارغا قارىتىدۇ ۋە بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى نورمال، نورماللىقتىن يۇقىرى، نورماللىقتىن تۆۋەن دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىيدۇ. ئەقلىي قابىلىيىتىدە نورمال بالىلارنىڭ ئەقىل سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلەرنى ئەقلىي زىيادە بالىلار. ئەقلىي قابىلىيىتىدە سەۋىيىسى نورمال بالىلارنىڭ سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولغان بالىلارنى ئەقلىي كەم بالىلار دەپ ئاتايدۇ. بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە «دانىشمەن» نامىنى ئالغان ۋە چەت ئەللەردە «تالانتلىق» ئاتالغان بالىلار ئەنە

شۇ ئەقلىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۈستۈن بولغان ئەقلىي زىيادە باللاردۇر.

ئەقلىي زىيادىلىكنى تەتقىق قىلىش ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكنى ئىگىلەش تەتقىقاتى ئالدى بىلەن ئەقلىي زىيادە باللارنى ۋاقتىدا بايقاش، ئەقلىي زىيادىلىكنى يېتىشتۈرۈش، ئەقلىي زىيادە باللار- نىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ نىشانلىق تەربىيىلەپ، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، تالانتلىق ئادەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاندىن قالسا، ئەقلىي زىيادە باللارنىڭ يېتىلىش قانۇنىيىتىنى ئادەتتىكى باللارغا قارىتىلغان مائارىپ تەربى- يىسىگىمۇ تەدبىقلاپ، ئادەتتە باللارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى، ئەقلىي زىيادە باللارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

راست دېگەندەك، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ خۇشاللىقىغا ھامىي بولغان ئەقلىي كەملىكمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق ئەقلىي كەملىك ئىرسىيەت ئامىللىرىدىن باشقا، ھەتتا كىشى ئويلىمىغان يەرلەردىنمۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ساغلام ئەر-خوتۇن- دىن تۇغۇلغان بەزى باللار تامامەن ئاتا- ئانىسىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىگە ئوخشىمايدىغان ئەقلىي كەم بولۇپ تۇغۇلۇپمۇ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەختلىك ئائىلىلەردە بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى پەيدا بولۇپ، شۇ ئائىلىنىڭ ئىستىقبالىغا بىر خىل قارا كۆلەڭگە ھاسىل بولىدۇ. دۆلەتمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەقلىي كەم باللار كۆپىيىپ كەتسە، ۋەتەننىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۆزلەشمۇ تەس بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئەقلىي كەملىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ ئۇنى قانداق داۋالاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ- رۇش قۇرۇلۇشىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئوبيېكتىسى — زېھنىي بۆلۈنمىسى 80 دىن تۆۋەن بولغان گالۋاڭلار، زېھنىي بۆلۈنمىسى 50 تىن تۆۋەن بولغان ھاڭۋاقتىلار، زېھنىي بۆلۈنمىسى 25 تىن تۆۋەن بولغان دۆتلەردۇر.

## زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈش

پسىخولوگلارنىڭ ئەقلىي زىيادىلىك ۋە ئەقلىي كەملىكنى تەتقىق قىلىشى ئەقلىي زىيادىلىكنى ۋاقتىدا بايقاپ نىشانلىق تەربىيىلەش ۋە ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىسىنى قوللىنىش بىلەن قالماي، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى تالىشىش ئۈچۈن، ئەۋلادنىڭ ئەقلىي ئاساسىنى پۇختىلاش- نى، ئاھالىنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىنى ئۆستۈرۈش ئامىللىرىنى ئىزدىنىپ تېپىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چۈنكى بىر ئادەمنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى يۇقىرى بولغانسېرى ئۇنىڭ بىلىمنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش قابىلىيىتى، يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەنە بىر مىللەتتىن ئۈستۈن بولسا، بۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ھەم جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمە سەۋى- يىسىنى ئۆستۈرۈش دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ھەم

ئەھمىيەت بېرىۋاتقان مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە بىزدە ئەمەلىي تەجرىبىلەر كەم بولغانلىقتىن، ياپونىيىلىكلەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىگە نەزەر سالايلى.

بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ «تەبىئەت» ژۇرنىلىغا زېھنىي بۆلۈنمە مەسىلىسىگە ئائىت بىر تەكشۈرۈش دوكلاتى بېسىلدى، بۇ دوكلاتنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن پۈتكۈل غەرب دۇنياسى ھاڭ-تاڭ قالدى.

بۇ دوكلاتنىڭ ئاپتورى دوكتور ر. لۇيىننىڭ كۆرسىتىشىچە: ئۇ ھەممە ئېھتىيات قىلغان ۋە بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولغان داۋىد ۋېكسلېر ئۇسۇلىنى قوللانغان. 1100 نەپەر ياپونىيىلىك (ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن 2200 نەپەر ئامېرىكىلىقنى ياش چېكى بويىچە گۇرۇپپا قىلىپ، زېھنىي بۆلۈنمە سىنىقى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە $\frac{3}{4}$ ياپونىيىلىكنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئامېرىكىلىقلار ھەم ياۋروپالىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئۈستۈن بولۇپ چىققان، ئالدىنقىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە زېھنىي بۆلۈنمىسى 111، كېيىنكىسىنىڭ پەقەت 100 بولغان ھەمدە 10% ياپونىيىلىكنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 130 دىن ھالقىپ «تالانتلىقلار قاتارى»غا كىرگەن. ياۋروپا، ئامېرىكىدا پەقەت 2% كىشىلا بۇ سەۋىيىگە يەتكەن. كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغايدىغان يەنە بىر نەتىجە شۇكى، يېقىنقى 70 يىلدىن بۇيان ئەنگلىيە، فرانسىيە، بېلگىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە ھەم غەربىي زېللاندىيە قاتارلىق ئەللەردىكى ئاھالىلەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئامېرىكىلىققا ئوخشاش بولغان ۋە ھېچقانچە ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىغان، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەقلىي بۆلۈنمىسى بولسا يەتتە ئۆلۈش ئاشقان.

ياپونىيىلىكلەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىنىڭ مۇنداق يۇقىرى بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ دوكتور ر. لۇيىن: «زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ مۇنداق كۆپ بولۇشىنى ئاھالىلەرنىڭ ئىرسىيەت ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكىم مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىغان. بىراق ھەرقايسى ياش گۇرۇپپىسىنى سېلىشتۇرۇشتىن ئېلىنغان نەتىجىلەرگە قارىغاندا، ئالتە ياشلىق بالىلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىمۇ روشەن ھالدا ئاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلىقلاردىمۇ ياپونىيىگە ئوخشاشلا ئىقتىساد گۈللەنگەن، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مائارىپ، ئوزۇقلۇق ھەم سەھىيە جەھەتلەردە ئەۋزەل شارائىتلاردىن بەھرىمەن بولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ياپونىيىلىكلەرنىڭلا زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسى ئۆسۈپ بارىدۇ؟ «تەبىئەت» ژۇرنىلىنىڭ باشماقالە يازغۇچىسى ئاندىرىسىن مۇنداق قارايدۇ: بىر ئەسىردىن بۇيان، ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىش زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ روشەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇرۇشتىن كېيىن، كۆپلىگەن دېھقانلار شەھەرگە ئېقىپ كىردى، ئەسلىدە ئالاقە قىلىشمايدىغان دېھقانلار قەۋملىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشى نەتىجىسىدە ئىگىلىك تېز راۋاجلاندى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتلار ياخشىلاندى. غەرب مەدەنىيىتى سەلدەك ئېقىپ كىردى... بۇلارنىڭ ھەممىسى زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ ئېشىشىنىڭ تۈرلۈك ئامىللىرى (ئىرسىيەت، ئوزۇقلۇق، مائارىپ ھەم ئىجتىمائىيەت)نىڭ ھەر تەرەپلىمە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

غەرب ئەللىرىدىكى ئادەملەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىنى سىناش پائالىيەتلىرى ھەم دوكلات-

لىرى سامان نەرقى تۇرسا، ئېمىشقا ر. لۇئىننىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى بومبىدەك پارتلاپ غەرب دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى؟ نەزەرىيە ساھەسىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتتىن ئالغاندا، ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ شارائىتى ياپونىيىگە ئوخشايدۇ. بىراق ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسى ياپونىيىلىكتىن روشەن تۆۋەن تۇردى. بۇنداق ھادىسە مۇھىت تەرەپدارلىرى بىلەن ئىرسىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ مۇنازىرىسىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇۋەتتى. ئىرسىيەت تەرەپدارلىرى ئەقىلنى تۇغما بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ر. لۇئىننىڭ قارىشىچە: ياپونىيىلىكلەرنىڭ ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلاردىن ئەقىللىق بولۇشى ئاساسەن تۇغما چېچەنلىكتىن بولغان، پايدىلىق شارائىت يەنە بۇ خىل تۇغما چېچەنلىكنى تولۇق راۋاجلاندۇرغان. ئىختىساسشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ياپونىيە ياشلىرىنىڭ 10 پىرسەنتىنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 130 غا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولىدۇ، يەنى ئادەتتىكى ئالىملار، ئىنژېنېرلار، دوختۇرلار، ئادۋوكاتلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولمايدۇ. ياۋروپا، ئامېرىكىلاردا پەقەت 2 پىرسەنتلا كىشى بۇ سەۋىيىگە يېتەلەيدۇ. ئەگەر كىشىلەر زېھنىي بۆلۈنمە بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بار دەپ قارىسا، ئۇنداقتا كەلگۈسىدە بارغانسېرى تېخنىكا يېڭىلاشقا تايىنىۋاتقان جەمئىيەت، ئىقتىسادقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىچكى باغلىنىشى بەلكىم چوڭقۇر بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى مىللەتنىڭ كەلگۈسى بىلەن زىچ باغلانغان مەسىلە بولۇپ، مىللىي مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش ئاساسىدىكى زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈش ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقماي، ھازىرقى ماددىي بايلىقلىرى ۋە زېھنىي بۆلۈنمىسى بىلەن مەغرۇرلانغان مىللەتلەر كەلگۈسىدە ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ. نۇرغۇن زاتلارنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ئارقىدا قالغان خەلق ئاخىرقى ھېسابتا قالاقلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش، ئۆزلىرىگە ياخشى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشى، بولۇپمۇ ئۆزلىرىدىكى ئەقلىي زىيادىلىكنى جارى قىلدۇرۇشى، ئەقلىي كەملىكنى تۈگىتىشى، زېھنىي بۆلۈنمىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە زامانىۋى ئۇسۇل قوللىنىشى كېرەك. ئاھالىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ بولغان دۆلىتىمىزدە ئەگەر ياپونىيىلىكلەرگە ئوخشاش زېھنىي بۆلۈنمە سەكرىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى تەمىن ئېتىلسە، بىز يەنە باشقىچە بەختلىك ياشايمىز. تازا سۈرۈشتۈرگەندە زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاچقۇچى پەن-تېخنىكا. سوتسىيالىستىك ئەخلاق مىزانىنى كۈچەيتىش، قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلغاندىن كېيىن، كاللىسى پەنگە، تېخنىكىغا، ئىجادىيەت، ئىختىراغا يارايدىغانلار كۆپەيمىسە ۋە بۇلارنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغان ياخشى ئىستىل بولمىسا، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئىسلاھات قەدىمى ئاستا بولىدۇ. شۇڭا، زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بىرى، دەپ قاراش كېرەك. ئۇنداق بولسا، ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قانداق بولىدۇ؟

**1) ئەقلىي زىيادە باللاردا كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىكلەر:**

ئاتاقلىق ئىختىساسشۇناس ۋاڭ تۇڭشۈن «ئامېرىكا مائارىپچىلار جەمئىيىتى» دە

ئۇقۇلغان بىر ئىلمىي دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 10 تۈرلۈك ئالامەتنى ياقىلاپ، ئۆز كىتابىغا نەقىل قىلىپ ئالغان ھەمدە بۇ دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالامەتلەرنى ئەقلشۇناس مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە بايقاپ تاپقانلىقىنى قەيت قىلغان. بۇ دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، ئەقلىي زىيادە بالىلاردا مۇنداق 10 تۈرلۈك ئالامەت بولىدۇ:

1. توغرا ھەم راۋان سۆزلەيدۇ.

2. قېلىپلانغان مەشقلەرنى بېرىلىپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ بىلىملەرنى ئازادە ھەم تېز سۈرئەت بىلەن ئۆگىنىپ ئالالايدۇ.

3. گۇمانلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئۇزاققىچە دىققىتىنى بېرەلەيدۇ.

4. مەنىسى چوڭقۇر بولغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

5. كەڭ دائىرىلىك گەپ سۆزلەرگە شوخ قىزىقىشتا بولىدۇ.

6. مەنىلەرنى چۈشىنەلەيدۇ، مۇناسىۋەتلەرنى بىلىپ ئالالايدۇ ھەمدە ئېنىق ئەقلىي يەكۈنلەرنى چىقىرالايدۇ.

7. ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئىگىلەپ ئالالايدۇ.

8. ئۆزگىچە بولغان ئىجادىي ئۇسۇل ۋە ئۇقۇملارنى قوللىنالايدۇ.

9. خاتىرە قابىلىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

10. كۆزىتىپ ئالغان ھادىسىلەرنى يېپيېڭىچە سۈرۈشتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق مەسىلىگە قارىتا سوراپ تۇرىدۇ.

ئەقلىي زىيادىلىك بويىچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىكلەر:

ئامېرىكىنىڭ سان-فرانسىسكودىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان بىر مەكتەپ، ئەقلىي زىيادە بالىلارنى تاللاش ئۈچۈن 31 ماددىلىق ھەرىكەت جەدۋىلى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇنى كۆپلىگەن پېداگوگلار مۇۋاپىق كۆرگەن ۋە ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئەقلىي زىيادە بالىلارنى مۇناسىۋەتلىك بىلىم ۋە تەتقىقات يۈرتلىرىغا تونۇشتۇرغان. بۇ ماددىلار تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئەقلىي زىيادە بالىلارنى تاللاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

1. ئۆگىنىپ ھارمايدۇ.

2. پەن، سەنئەت ياكى ئەدەبىياتتا تەقدىرلىنىدۇ.

3. پەنگە ياكى ئەدەبىياتقا بەك قىزىقىدۇ.

4. مەسىلىلەرگە ئۆتكۈرلۈك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

5. ماتېماتىكىدا ئەتىجىسى گەۋدىلىك بولىدۇ.

6. قىزىقىش-ھەۋەسلىرى ئەتراپلىق بولىدۇ.

7. كەيپىياتى تۇراقلىق بولىدۇ.

8. يۈرەكلىك بولىدۇ، يېڭى ئىش قىلىشقا ئالدىرايدۇ.

9. تەڭتۇشلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

10. مەلۇم ئىشلارنى چەبدەسلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرالايدۇ.

11. ئۆزى يالغۇز ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

12. ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ۋە باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا نىسبەتەن تۇيغۇن بولىدۇ.

13. ئۆزىگە ئىشىنىدۇ.

14. ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ.

15. سەنئەت نومۇرلىرىدىن لەززەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

16. مەسىلىلەرنى ئىجادىي ئۇسۇل بىلەن

ھەل قىلىدۇ.

17. شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولىدۇ.

18. چىراي ۋە تۇرقىدا ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

19. ئالدىرايدۇ — ئاسانلا ئاچچىقلايدۇ ياكى مەلۇم بىر تۈرلۈك خىزمەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ.

20. باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىشكە تەشنا بولىدۇ.

21. راۋان ھەم مول مەزمۇنلۇق سۆزلەيدۇ.

22. تەسەۋۋۇر كۈچىگە ناھايىتى باي ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ.

23. سۆھبەتلەشكەندە باشقىلارنىڭ سۆزىگە كۆپ لوقما سالىدۇ.

24. ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىدۇ.

25. يۇمۇرلۇق ھېسسىياتتا بولىدۇ (ئىككى بىسلىق سۆزلەر، ئۇلانما تەسەۋۋۇرلۇق سۆزلەرنى قىلىدۇ).

26. ھەدېسىلا ھەيران بولىدۇ ۋە مەسىلە سورايدۇ.

27. شەيئىلەرنى بەكمۇ ئىنچىكە كۆزىتىدۇ.

28. بايقىغان نەرسىلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىشقا ئالدىرايدۇ (دوستى ياكى خىزمەتدىشىغا).

29. زادىلا مۇناسىۋەتسىز ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىن باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلەرنى تاپىدۇ.

30. يېڭى بىر نەرسىنى سەزگەندە ئۈنلۈك ھاياجاندا بولىدۇ.

31. ۋۇجۇدىدا بىر ئىش ھۆكۈم سۈرگەندە، ۋاقىتنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ.

**2) ئەقلىي زىيادە بالىلار بىلەن بالدۇر يېتىلگەن بالىلاردىكى پەرق.**

ئەقلىي زىيادە بالىلار ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ئەمما ئەقلىي زىيادە بالىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى ئالامەتلەر بارلىقى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىي زىيادە بولۇپ كېتىشى ناتايىن، خەلق ئارىسىدا ئۆزى كىچىك بولسىمۇ گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتىدە چوڭلارنى دورايدىغان، دەرستە ئەلا بولىدىغان بەزى بالىلارنى ئەركىلىتىپ «بېخى سويما» ياكى «كىچىك قېرى» دەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئەقلىي زىيادە بالىلار قاتارىغا قويىدۇ. لېكىن بۇنداق بالىلارنىڭ بەزىلىرى بالدۇر يېتىلگەن بالىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ياكى ئەقلىي ھەرىكەتلىرىدىكى ئىپادىلىرى ئەقلىي زىيادە بالىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئەقلىي زىيادە بالىلاردىكى زىيادىلىك ئالامەتلىرى ئۇلاردىكى بالدۇر يېتىلىش ياكى ئۆگىنىشتىكى كۈچلۈكلۈكى ئەمەس، بەلكى ئەقلىي زىيادىلىكنى مەركەز قىلغان پسىخىك تەرەققىياتلاردۇر. شۇڭا، ئەقلىي زىيادە بالىلارنى يۇقىرىدىكى پسىخولوگىيىلىك ئۆلچەملەر بىلەن پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تۆۋەندىكى تەرەپلەردە بالدۇر يېتىلگەن بالىلاردىنمۇ پەرقلەندۈرۈش كېرەك:

**بالدۇر يېتىلگەن بالىلار**

**(1) خۇسۇسىيەت ئىپادىسى:** كىچىك تۇرۇپ ئۆزىدىن چوڭ بالىلار ياكى چوڭلارنىڭ ھەرىكىتى، پوزىتسىيىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بالىلىق دەۋرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە تەدرىجىي چېكىنىدۇ.

**(2) يېتىلىش سەۋەبى:** بىر تەرەپتىن ئائىلىدە مۇھىت ياكى ئائىلىدە تەربىيە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى سۇيۇقلۇق ئاجرىتىش جەھەتتىكى غەيرىي نورماللىق قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك سەۋەبلەر ئۇنىڭ غەيرىي نورمال تەرەققىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئەقلىي زىيادە بالىلار**

(1) ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭدا ھەيران قېلىش ھېسسىياتى مۇستەقىل ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق بالىلار دەرستە ئەلاچى بولىدۇ ياكى بولمايدۇ. ئالاھىدە بولغان بىرەر ساھەدە (گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا...) ئەلا نەتىجىلىك بولىدۇ. 12-13 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن، ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ.

(2) ئىرسىيەت ئامىلىغا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مۇھىت تەسىرى ۋە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى قوشۇلىدۇ.

**2) زىيادە ئىجادچانلىققا ئىگە بالىلاردا كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىكلەر:**

خەلقئارادا، بالىلاردىكى ئىجادچانلىقنىڭ زىيادە ياكى كەملىكىنى بايقاشتا ئادەتتە «توررانسە ئۇسۇلى» بىلەن «توررانس ئۇسۇلى» ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ.

**توررانسە ئوتتۇرىغا قويغان بالىلاردىكى ئىجادچانلىقنى بايقاش ئۇسۇلى 17 ماددا بولۇپ، ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەر بار ئوقۇغۇچىلار ئىجادچانلىقى زىيادە ئوقۇغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:**

1. باشقىلارنىڭ سۆز-ئۇتۇقلىرىنى زەڭ قويۇپ تىڭشايدۇ.

2. گەپ قىلغاندا ياكى يازغاندا دائىم سېلىشتۇرما قىلىدۇ ۋە مەلۇم خۇلاسىگە كېلىدۇ.

3. ئوقۇش، يېزىش ۋە شەيئىلەرنى تەسۋىرلەش ماھارىتىنى ياخشىراق ئىگىلىيەلەيدۇ.

4. نوپۇزلۇق نۇقتىئىنەزەرلەرگە سوئال نەزەرى بىلەن قاراشنى ياخشى كۆرىدۇ.

5. شەيئىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھازىرغىچە بولغان ئەھۋالنى يىپ-يىڭنىسىدىن تارتىپ ئېنىقلاپ بىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

6. نەرسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن زىيارەت قىلىشقا ئامراق بولىدۇ.

7. ئۆزىنىڭ بايقاشلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىشقا بەكمۇ ئالدىرايدۇ.

8. قوچۇش خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئەبجەخ مۇھىتتىمۇ ئۆز تەتقىقاتىغا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ. ۋاقىت بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ.

9. شۇنداقلا قارىماققا ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنگەن شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا باغلىنىشنى تاپالايدۇ.

10. يولدا كېتىۋېتىپ ياكى ئۆيگە قايتىپ كېتىپمۇ دەرسخانىدا ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى تەكرار ئويلىنىدۇ.

11. ھەيرانلىق ھېسسىياتى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

12. ھەمىشە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەجرىبە ۋاسىتىلىرىنى تەدبىقلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

13. شەيئىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە مۆلچەر ئېلىپ بېرىشقا ئامراق بولىدۇ.

14. ئۆزى باغدا كۆڭلى تاغدا بولىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

15. ھەمىشە بىلىپ بولغان شەيئىلەر ۋە ئۆگىنىپ بولغان نەزەرىيىلەر ئۈستىدە يېڭىباشتىن يىغىنچاقلاش، خۇلاسىلەش ئېلىپ بارىدۇ.

16. ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات تېمىسىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

17 بارلىق ئېھتىماللىقلارنى ئىزدەپ تېپىشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھەمىشە «يەنە قانداق چارىلار بار؟» دېگەن سوئالنى قويىدۇ.

**تورانس زىيادە ئىجادچانلىققا ئىگە بالىلارنى 21 تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ بايقىغان، بۇلار تۆۋەندىكىچە:**

1. باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزىنى ئاڭلاشتا، شەيئىلەرنى كۆزىتىشتە، ھەرىكەتتە بىجانىدىل بولىدۇ.

2. نۇتۇق ياكى قەلەم قۇۋۋىتى زىيادە بولىدۇ ھەمدە سۆزلىگەندە ۋە يازغاندا

سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنالايدۇ.

3. زېھنىنى يىغىپ ئوقۇيدۇ ۋە يازىدۇ.

4. ئوقۇتقۇچى ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغاندا ھاياجانلىنىدۇ.

5. نوپۇزلۇقلارغا مۇسابىقە ئېلان قىلىدۇ.

6. شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئادەتلىنىدۇ.

7. شەيئىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدۇ.

8. باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزىدىن مەسىلە تاپىدۇ.

9. ئىجادىي پائالىيەتكە كىرىشكەندە ئۇخلاش ۋە تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

10. مەسىلىلەرنى ۋە مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىمۇ بايقىۋالالايدۇ.

11. كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ نىگىزلىك تەرەپلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشتىن باشقا چاغلاردا بىلىم، ماھارەت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

12. ھەيرانلىق ھېسسىياتى بولىدۇ.

13. ئۆزگىچە تەجرىبە ئۇسۇلى ۋە بايقاش ئۇسۇلى بولىدۇ.

14. يېڭى نەرسىنى بايقىغاندا روھىي جەھەتتە قەۋەت ھاياجانلىنىدۇ.

15 ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ ۋە بۇ ئاقىۋەتنى توغرا تەكشۈرەلەيدۇ.

16. ئىش-ھەرىكەتتە بوشىشىپ كەتمەيدۇ.

17 ھەر دائىم شەيئىلەر توغرىسىدا يېڭى جاۋاب، يېڭى نەتىجە ھاسىل قىلىشنى ئويلايدۇ.

18. ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتىگە ۋە مەسىلە قويۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

19. ئۆگىنىشتە ئۆزى كۆڭۈل قويىدىغان تەتقىقات تېمىسى بولىدۇ.

20. بىر نېمىنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىرلا تەرەپتىن ئەمەس، كۆپ تەرەپتىن ئويلاپ كۆرىدۇ.

21. ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى تەسەۋۋۇرلاردا بولىدۇ. ئويۇن-تاماشا ئارىلىقلىرىدىمۇ يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى يۈرگۈزىدۇ.

**3) ئىجادىي قابىلىيىتى زىيادە كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى**

قابىلىيەت بىلەن ئىقتىدار ئۇقۇم جەھەتتە روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۇقۇملار بولسىمۇ، ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە ئىقتىدار ئەمەلىيەتتە بىر مەنىدە ئېيتىلىدۇ. ئەمما ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن ئىقتىدارنىڭ ھەربىر كىشىدىكى دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، مەسىلە ھەل قىلىش ھالىتىدە تۇرغاندا، ئىجادىي قابىلىيىتى بىر قەدەر ياخشى كىشىلەر مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، سانلىق مەلۇماتلارنى ئىگىلەش ۋاقتىدا ئاستا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. نىگىزلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئىگىلەپ بولۇپ، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋاقتىغا كەلگەندە بولسا، خىزمەتنى چاپسانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. ئىجادىي قابىلىيىتى كەمرەك كىشىلەر بولسا، بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ: مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندا ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ، مەلۇماتلارنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قاراشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، توختالغانىراق پىكىرلەر ئاساسلىقى ئامېرىكىلىق پسىخولوگلارنىڭدۇر، ئامېرىكا پسىخولوگلىرىنىڭ ئىچىدىن رېيس، بروۋننا گىيولفوردلاردۇر.

رېيس تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار كىشىلەرنى ئىجادىي قابىلىيىتى بار كىشىلەر دەپ ھېسابلايدۇ:

1. ئەقىللىق بولىدۇ.

2. ئەمەلىيەت بىلەن بىرلىشىشكە ماھىر بولىدۇ.

3. بىلىش پائالىيىتىدە جانلىق بولىدۇ.

4. ئۆزگىچە ئىنكاس قايتۇرالايدۇ ھەمدە ئۇلار قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ مىقدارى بىلەن سۈپىتى پائال باغلىنىپ تۇرىدۇ.

5. مۇستەقىل ئويلاش ۋە ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

6. تاشقى دۇنياغا قارىتا كۆزىتىش پوزىتسىيىسى تۇتىدۇ ھەمدە ئىچكى دۇنياسىدا ھېس قىلغان تەجرىبىلەر ياكى تاشقى دۇنيانى كۆزىتىش ئارقىسىدا ئېرىشكەن تەجرىبىلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن تاشقى دۇنيادىن كۆزەتكەن شەيئىلەرنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ.

7. بىۋاستە سەزگۈ قابىلىيىتى بولىدۇ.

8. نەزەرىيە ۋە گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش جەھەتتە كۈچلۈك قىممەت قارىشى بولىدۇ.

9. تەقدىر تۇيغۇسى بولىدۇ.

10. ئۆزىنى چۈشىنىدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئومۇمىي جەرياندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

**بىرۇۋن ئۆزىنىڭ تەتقىقات ۋە تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئىجادىي ئىقتىدارى زىيادە كىشىلەردە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ:**

1. بىلىش تەشنالىقى بولۇشى، مەسىلىلەرگە قارىتا ھەرقاچان «نېمە ئۈچۈن؟»، «بۇنداق بولمىسا قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئاللارنى قويالىشى كېرەك.

2. يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشى. يەنى سەزگۈر بولۇشى، كونىلىققا ئېسىلىۋالماسلىقى كېرەك. ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا ھەرقانداق چاغدا «بىز سىناق قىلىپ بولغان، ئەمدى بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

3. گۇمانىي مەسىلىلەرنى باشقىلاردىن ئاۋۋال بايقاش ماھارىتى بولۇشى ۋە ئۇ مەسىلىلەرنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئىپادىلەپ بېرەلىشى كېرەك.

4. ئېھتىياجغا قارىتا يۈكسەك سەزگۈر بولۇشى ۋە ئۇنى باشقىلاردىن ئاۋۋال بايقاپ ئالالىشى كېرەك.

5. باشقىلار خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئۇسۇللار بىلەن ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئاخباراتلارنى بىرلەشتۈرۈپ يىغىنچاقلىيالىشى كېرەك.

6. ئەنئەنىۋى ۋارىسچىلىقتىن چەتنىيەلىشى ۋە نوپۇزغا جەڭ ئېلان قىلىشقا، ئادەتكە ئايلانغان ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارىتا ئوخشىمايدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالىشى كېرەك.

7. كاللا ئىشلىتىشكە ئامراق، ئومۇملاشتۇرۇشقا ماھىر، قىلىۋاتقان ئىشىغا مەست بولۇشى كېرەك.

8. مەسىلە ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەلىشى بېكىتىلگەن نىشانغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىشى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللانماسلىقى كېرەك.

9. ھەممە ئىجادكارنىڭ ئەقلىي زىيادە بولۇشى ناتايىن. ئەقلىي ئوتتۇرا ھاللاردىمۇ بەزى ھاللاردا تېخىمۇ ئىجادكارلىق بولىدۇ.

**گىيولفورد ئىجادچانلىقنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان پسىخولوگ بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغانلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ:**

1. يۈكسەك ۋېجىدانلىق (ئۆزىگە خوجا بولۇش) قا ۋە مۇستەقىللىككە ئىگە بولىدۇ. باشقىلارنىڭ پىكرىگە قارىسىغا قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.

2. كۈچلۈك بىلىش تەشنالىقى ۋە قىزىقىنىپ ئىزدىنىش روھىي بولىدۇ.

3. كۈچلۈك ھەيرانلىق ھېسسىياتتا بولىدۇ،

شەيئىلەرنىڭ ئايلىنىش قانۇنى ۋە سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىدۇ.

4. بىلىمى كەڭ. كۆزىتىشكە ماھىر، خاتىرە قابىلىيىتى ئۈستۈن بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدۇ.

5. خىزمەتلەردە رەتلىك، توغرا. جىددىي بولۇشنى قوغلىشىدۇ.

6. تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە بىۋاسىتە سەزگۈ قابىلىيىتى مول بولىدۇ. ئابستراكت تەپەككۇر قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەقلىي پائالىيەتلەر ۋە تاماشىلارغا كەڭ تۈردە قىزىقىدۇ.

7. گۇمانىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئەركىن-ئازادە تۇرالايدۇ. سىرتقى قوچۇۋېتىشلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان ھالدا پۈتۈن زېھنىنى قىزىققان مەلۇم مەسىلىگە يىغالايدۇ.

8. يۇمۇرلۇق ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئامېرىكىلىق ماتارىپ پسىخولوگى سوللى بىلەن تېلفورد بىرلىكتە يازغان «ماتارىپ پسىخولوگىيىسى» دېگەن كىتابتا. ئىجادچانلىقى زىيادە بولغان ياكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بولغان كىشىلەردە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن:

1. ئىدىيىنىڭ جانلىقلىقى: ئىجادكار روھقا باي كىشىلەر يۈگەنسىز خىيال-قىياسلارغا يۈكسەك دەرىجىدە يول قويىدۇ، ئادەتتىكى ئەھۋالدىن ۋە رېئاللىقتىن ھالقىغان ئىستەكنى كۆپەيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خۇشال بولىدۇ. شۇنداقلا بولۇشى ناتايىن بولغان ۋە بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان شەيئىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىش خاھىشىدا بولىدۇ.

2. مۇستەقىللىكلىكى: ئىجادچان كىشىلەر باشقىلارغا قارىغاندا، ئادەتنىڭ چەكلىمىسى ۋە تېزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ پەرزلىك (چېكى بار) بولغان بويسۇنمۇغۇچىدۇر. ئۇ باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.

3. جىنسىيەت رولچىلىقى: ئىجادكار ئەرلەر ئاياللاردىكى پسىخىك ئۈستۈنلۈكنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئەرلەرگە قارىغاندا ئەنئەنىۋى ئەرلىك رولىنى ئۇنچىۋالا قاتتىق ئىگىلەپ كەتمىگەنلىكىدىندۇر. ئۇلار ئەرلىك ياكى ئاياللىقنىڭ ئاقىلانىلىق ۋە مەدەنىيەت ھەۋىسىنى كۆرسىتىش ۋە ئىپادىلەشتە دېلىغۇل بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەرلىك تەمەننانىسىنى قويمايدۇ ھەمدە ئەرلىك سالاھىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇنچىۋالا ئۇچراپ كەتمەيدۇ.

4. ئېنىقسىز شەيئىگە بولغان سەۋر-تاقىتى: ئىجادكار كىشىلەر تۇرمۇشتىكى ئېنىقسىز شەيئىلەرگە سەۋر-تاقەت قىلالايدۇ ۋە دېگەندەك ئېنىق بولمىغان مۇرەككەپ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى مۇرەككەپ شەيئىلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ، ھەتتا قارشى ئالىدۇ. كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان مالىماتاڭچىلىقلاردىن پەرىشان بولمايدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدىكى، رېئاللىقنى بۇرمىلاش ئۇسۇلى بىلەن مالىماتاڭ شەيئىلەرنى بىر تەرەپ قىلمايدۇ، شۇنداقلا قىيىن مەسىلىلەرنى زورىغا ئاددىي ۋە ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن «ھەل قىلىش» ئارقىسىدا قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ.

5. خاتالىقلارغا بولغان سەۋر-تاقىتى: بىر مەسىلىگە قارىتا تاللىۋېلىشقا بولىدىغان بىر مۇنچە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى كەڭ تۈردە ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئەركىن-ئازادىلىك بىلەن چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈش پوزىتسىيىسى ئىجادكارلاردا بولىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر. ئۇلار خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقمايدۇ. ئۇلار بىر تۈرلۈك

پەرەز ياكى يەكۈننىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىنى بىر تۈرلۈك ئۇچۇر قاتارىدا كۆرىدۇكى، شەخسىگە نىسبەتەن بىر خىل خورلۇق ياكى مەغلۇبىيەت قاتارىدا كۆرمەيدۇ. لېكىن، ئىجادىيەت جەريانى ئېھتىماللىقنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت بىرىنچى باسقۇچتىن مۇۋاپىق خاراكتېردىكى ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويۇشنى ئويلاشقاندا، ئۇلاردىكى خاتالىققا سەۋر-تاقەت قىلىش پوزىتسىيىسى خاتالىقنى رەت قىلىش پوزىتسىيىسىگە ئۆزگىرىدۇ.

**6. ئەقلىي زىيادە بولىدۇ:** زىيادە ئىجادچانلىققا ئىگە كىشلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىمۇ ئادەتتىكى كىشلەردىن زىيادە بولىدۇ.

**7. ئالاقە قابىلىيىتى ئادەتتىكچە بولىدۇ:** ئۇلارنىڭ كىشلەرگە بېرىدىغان تەسىرى جامائەت بىلەن چىقىشالمايدىغان ياكى جەمئىيەت بىلەن قارشىلىشىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ماھىيەتتە ئۇلار ئۇنداق ئەمەس، پەقەت ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىدا شۇنداق كۆرۈنىدۇ، بۇ ھال پەقەت ئۇلارنىڭ قۇرداشلار ئالقىشى ئارقىسىدا ئېرىشىدىغان خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىككە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنىلا بىلدۈرىدۇ، خالاس. ئۇلار ھەتتا ھېچقانداق ئادەمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئانچە خاۋاتىرلىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى بېرىلگەن مەسىلىنىڭ تەلىپىگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن باھاسىدىنمۇ بەك سەزگۈر بولىدۇ.

**8. زىيادە پەرىشانلىق:** ئىجادكار كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ياكى ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە «ئادەتتىن تاشقىرى نارازى» بولىدۇ، رېئال ھالەتنىڭ ئۆزىنىڭ كۈتكىنى ياكى غايىسىدىن پەرقلىق تۇرغانلىقىدىن ناھايىتى خاتىرجەمسىزلىنىدۇ.

**9. نەزەرىيىگە يۈكسەك قىزىقىشتا بولىدۇ:** ئىجادكارلار كەڭ ئۇقۇم خاراكتېرلىك مەنىگە ۋە مۇھىم ئارزۇغا ئادەتتىكىلەردىن نۇرغۇن دەرىجىدە كۆپ قىزىقىشتا بولىدۇ. ئۇلار ئۇششاق ئىشلارغا ۋە پاكىتنىڭ ئۆزىگە ئۇنچىۋالا قىزىقىپ كەتمەيدۇ.

ئېلىمىزدە ئەقلىي زىيادىلىك ۋە ئىجادىي قابىلىيەت زىيادىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئەمدىلا چوڭقۇرلىشىۋاتقاچقا، بىز دۇنياۋى يۈزلىنىشى بار ۋە دۇنيادىكى پسىخولوگلار كۆپرەك قايىل بولۇۋاتقان قاراشلارنى ئاساس قىلىپ يۇقىرىقىلارنى كۆرسەتتۇق. بۇ قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىملار گەرچە كاپىتالىزم دۇنياسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەرلەردىكى ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكىدىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بەختى ئۈچۈن ئىزلىنىش روھى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بىزنىڭ ئەقىل، ئەقلىي زىيادىلىك، ئىجادىي قابىلىيەت زىيادىلىكنى چۈشىنىشتە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك ئىلمىي قاراشلاردۇر.

## ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئاساسى

ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئاساسى توغرىسىدا جىددىي تالاش-تارتىشلار بار. بۇ مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى ئەقلىي زىيادىلىك تۇغما بولامدۇ ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيىگە باغلىق بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدۇر. مۇنازىرە تەرەققىياتىدا تۈرلۈك ئالىملار دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئىلىم مۇنبەرلىرىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى داۋاملىق سۆزلىمەكتە. بىزنىڭ قارىشىمىزچە: ئەقلىي زىيادىلىك تۇغما قابىلىيەت بىلەن سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىلىش تەشنالىقى، مەلۇم پائالىيەتكە بولغان قىزىقىش ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئەقلىي زىيادە باللارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدىكى سۇبيېكتىپ ئامىل بولىدۇ.

ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى بالىلاردىكى ئەقلىي زىيادىلىكنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئوبيېكتىپ ئامىل بولىدۇ. ئەقلىي زىيادە بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئىرسىيەتلىك ئامىللار بىلەن باغلىنىپ تۇرسىمۇ، ئاساسلىقى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيىگە باغلىق بولىدۇ. دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

بەزى ئالىملار مۇنداق قارايدۇ: «ئىنسانلار ئەقلىي تەرەققىياتىدىكى زىيادىلىك دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. مائارىپ بىلەن ئەقلىي ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىش يوق. دەسلەپكى مائارىپ ئەقىلنى كۆچەيتەلمەيدۇ. خاتىرە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلمەيدۇ. دەسلەپكى مائارىپنىڭ ئەقىلنى زىيادە قىلىۋېتىشنى، خاتىرە قابىلىيىتىنى كىشىنى چۆچۈتۈۋېتىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشنى تېخىمۇ تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ».

ئەمەلىيەتتە شۇنداقمۇ؟ ياق. ئەقلىي زىيادىلىك دەسلەپكى تەربىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دەسلەپكى تەربىيە ياكى مائارىپ تەربىيىسى بارلىق بالىلارنى ئەقلىي زىيادە قىلىۋېتەلمىگەن بىلەن، ئەقلىي زىيادە بولۇش تەربىيىسى ئالدى بىلەن دەسلەپكى تەربىيىگە باغلىنىدۇ. ئەقلىي زىيادىلىك دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغۇچىلار ئېھتىمال دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرگە دەلمۇدەل ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى بۇرۇنقى چاغلاردا مائارىپ تەربىيىسىنى پەقەت مەكتەپتە ئوقۇتۇش تەربىيىسى ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيدە بالىلارغا خەت ئۆگىتىش تەربىيىسى دېگەن چۈشەنچىگە دەللىلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە تەربىيە ھەرگىز ئاشۇ ئىككى تۈر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ھازىرقى زاماندا ئىپتىلۇۋاتقان دەسلەپكى تەربىيە ياكى دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى دېگەنلەر بالا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپلا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيىنى، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ئەقىلنىڭ بالدۇر يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ۋە بالىلارنىڭ كاللىسىنى ئۈتكۈرلەشتۈرۈشنى، ئۇلاردىكى بوۋاقلار ئىنكاسچانلىقىنى تېزلىتىشنى... كۆرسىتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنىڭ كۆرسە-تىشىچە، بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن نۇرغۇن دەرىجە يۇقىرى بولىدۇ. بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بالىلاردا مۇئەييەن ئىجتىمائىي كاتېگورىيە ۋە ھەرىكەت مىزانلىرى بويىچە مۇئەييەن ئەخلاقىي ئىدىيە ۋە ئىرادە پەزىلىتىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. بالىلار ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئەقلىي جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ. ئادەم ھاياتىدىكى دەسلەپكى ئۈچ ياش ۋاقتى ھايات تەرەققىياتىنىڭ نېگىزلىك مەزگىلى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم تەربىيىلىنىش ۋاقتىدۇر. بۇ ۋاقىت چوڭ مېڭە تەرەققىياتىدا ئالتۇن دەۋر بولۇپ، بۇ چاغدا بوۋاقلارغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، ئەقىلنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ئۈچ ياشلىق ۋاقتى يەنە ئەقىل تەرەققىياتىدىكى سەزگۈرلۈك ۋاقتىنىڭ ھالقىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدە تەربىيە مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلسا، ئادەتتىكى بالىلارمۇ بىرمىڭ سۆز ئۆگىنەلەيدۇ ۋە خەت تونىيالاي-دۇ. 2 — 3 ياشلار ئارىلىقى بالىلارغا خەت تونۇتىدىغان مۇھىم تەربىيە ھالقىسىدۇر. ئەگەر

17 ياشلىق ئادەمنىڭ ئەقلى 100% بولسا، 2
ـ 3 ياشتا ياخشى تەربىيە ئالغان بالىنىڭ
ئەقلى تۆت ياشتا 50 پىرسەنتكە يېتىدۇ.
ئەقلىي تۇغما كەمتۈك بولغان ياكى ناھايىتى
گالۋاڭ بالىلارغا ھەرقانچە تەربىيە ئېلىپ
بېرىلغان بىلەنمۇ ئەقلىي زىيادىلىك دەرىجىسىگە
يېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، شۇنى جەزملەش-
تۈرۈشكە بولىدۇكى، دەسلەپكى تەربىيىنى
بېرىش-بەرمەسلىك ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ.
دەسلەپكى تەربىيە ياكى مائارىپ تەربىيىسى
بىلەن ئەقىل تەرەققىياتى مۇناسىۋەتسىز دەپ
قاراشقا بولمايدۇ.

بەزى ئالىملار بەزى ئۇلۇغ ئەرباپلارنىڭ
كىچىك ۋاقتىدا مەكتەپتىكى ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ
تۆۋەنلىكىنى. مىسالغا ئېلىپ، ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ
دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى بىلەن مۇنا-
سىۋەتسىزلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ تېخىمۇ داۋلىسى
يوق گەپ. تەربىيە نىشانلىق بولمىغاندا ياكى
ھەربىر بالىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ماس
كەلمىگەندە ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇنداقلا
دەسلەپكى تەربىيە ھەممە ئادەمنى ئەقلىي
زىيادە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ، بەلكى ئوقۇتۇش
ئۇسۇلى توغرا بولغان ۋە توغرا تەربىيىگە
ئىگە بولغان تۇغما قابىلىيەت ئاساسى ياخشى
ھەمدە دەسلەپكى تەربىيە ئۇسۇلىمۇ توغرا
بولغانلارنىڭلا ئەقلىنى زىيادە قىلالايدۇ. ئۇلۇغ
ئالىم دارۋىن: . «ئادەم جىسمىدىكى بارلىق
ئەزالار ئىشلىتىلسە تەرەققىي قىلىدۇ، ئىشلىتىلمىسە
چېكىنىدۇ» دېگەندەك، تۇغما قابىلىيەت، تۇغما
زېھنىي بۆلۈنمە ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ،
دەسلەپكى تەربىيىگە ئىگە بولالمىغان بالىلارنىڭ
تالانتلىق بولالىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. بۇ
يەردە ئۇقتىلىق تەكتىلەۋاتقان دەسلەپكى
تەربىيە كىشىلەر چۈشەنچىسىدىكى ئوقۇشقا
كىرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىنىلا ئەمەس،
سەزگۈرلۈك مەزگىلىدىكى تەربىيىنى نەزەردە
تۇتىدۇ. شۇڭا سەزگۈرلۈك مەزگىلى بىھۇدە
ئۆتكۈزۈۋېتىلسە، ئۆمۈرلۈك ئەقىل تەرەققىياتى
ئۈچۈن تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانلار بولىدۇ،
دەپ قارايمىز.

دەسلەپكى تەربىيىگە گۇمان بىلەن
قارايدىغان ئامېرىكىلىق پسىخولوگ دېنىس
پاراۋانلىق ئورنىدىن ئەمدى تۇغۇلغان بالىلاردىن
بىر تۈركۈمنى تاللاپ ئېلىپ چىقىپ ئايرىم ئۆيگە
ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ
ھەرقانداق تەسىرىدىن ئايرىۋەتكەن. نەتىجىدە
ئايرىم بېقىلغان بۇ بالىلار فىزىئولوگىيىلىك
جەھەتتە باشقا بالىلاردەك ئۆسكەن بولسىمۇ،
ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەقىل مېخانىزمى بارغانسېرى
ئاجىزلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا گالۋاڭلارغا ئايلىنىپ
كەتكەن. بۇنى كۆرگەن جامائەت دېنىسنى
ئەيىبلەپ ئۇنى بۇنداق تەجرىبىنى توختىتىشقا
مەجبۇرلىغان. بۇ بالىلار كېيىنچە مائارىپ
تەربىيىسىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، سەزگۈرلۈك
مەزگىلىدىكى ئەقلىي تەربىيە پۇرسىتىدىن
مەھرۇم بولغانلىقتىن، گالۋاڭ-ساراڭلىق تەقدى-
رىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇ ئاچچىق ساۋاق پۈتۈن
دۇنيا خەلقىگە دەسلەپكى تەربىيىنى ئەزىزلەش-
نى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

تېھران بالا يېتىمچىلەر قورۇسىدا ئېلىپ
بېرىلغان تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندىمۇ،
ۋاقتىدا ۋە مۇۋاپىق تۈردە ئېلىپ بېرىلغان
دەسلەپكى ئەقلىي تەربىيىنىڭ ئادەم تالانتىنىڭ
يېتىلىشىدە، ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ تۇراقلىنىشىدا
ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى مەلۇم
بولىدۇ. تېھران بالا يېتىمچىلەر قورۇسىدىكى
بالىلارغا زۆرۈر بولغان غەمخورلۇق ۋە تەربىيە
كەمچىل بولغانلىقىدىن، بىر يېرىم ياشتىن
تۆۋەن بالىلارنىڭ 85 پىرسەنتى ئولتۇرالمىغان.
ئۈچ ياشتىن ئاشقان بالىلارنىڭ 85 پىرسەنتىنىڭ

ئايىقى چىقمىغان. ئۈچ ياشقا يېقىنلاشقان باللارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش قابىلىيىتى يېتىلمىگەن. ئۇلارنى تەربىيىلىگەندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردا ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىش بولغان. بۇ ئەھۋالمۇ تەربىيىنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ۋە ئەقلىي زىيادىلىكنى ئەلا تۇغمىلىق ئاساسىدىكى تەربىيە بىلەن يېتىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى مىسال قىسقا مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ۋە تەجرىبە قىلىش نەتىجىسى بولۇپ، دۇنيادا دەسلەپكى تەربىيىنىڭ ئەقلىي زىيادىلىككە بولغان تەسىرىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان ئىلمىي تەجرىبە، بىنېر، سىمىيون، تېلمىن، سېلىسلارنىڭ كۆچ ئۇلاپ يېرىم ئەسىر داۋاملاشتۇرغان تەجرىبىسىدۇر.

## ئەقلىي زىيادە باللارنى تەربىيىلەش

ئەقلىي زىيادە باللار ئادەتتە ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. بىر تۈرى ئەقلىي قابىلىيىتى ئومۇمىيۈزلۈكرەك زىيادە بولۇپ، بۇنداقلار ئازراق بولىدۇ؛ يەنە بىر تۈرى، ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغانلار بولۇپ، بۇنداقلار كۆپرەك بولىدۇ، بولۇپمۇ تىل، مۇزىكا، ماتېماتىكا، رەسىم، تەنتەربىيىگە ئوخشاش ئالاھىدە ساھەلەردە ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەقلىي زىيادە باللارنى تەربىيىلەشتىمۇ (ئائىلە پىداگوگىكىسى ئېلىپ بېرىشتىمۇ) ئومۇمىي ھەم ئالاھىدە ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇسۇللارمۇ يەنە مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى دەسلەپكى تەربىيە ۋە مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى تەربىيىلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئەمما ئومۇمىي تەربىيە ئۇسۇللىرى ئەقلىي قابىلىيىتى ئومۇمىيۈزلۈكرەك زىيادە بولغان ۋە ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغانلارغا ئورتاق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**1) ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغان باللارنى تەربىيىلەش.** ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغانلارغا ئادەتتە ھەربىر بالىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا بىز باللاردىكى ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قەيت قىلغان ئىدۇق. بىز بۇ يەردە ئالاھىدە قابىلىيەتلەرگە ئىگە باللارنى بايقاش بىلەن تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلەيمىز ۋە ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغان بىر نەچچە خىل باللارنى بايقاش ۋە تەربىيىلەشنى قەيت قىلىش بىلەن چەكلىنىمىز.

ئامېرىكا پسىخولوگلىرىنىڭ قارىشىچە، تىل قابىلىيىتى ئالاھىدە بولغان باللارنىڭ تىلى بالدۇر چىقىدۇ ھەم كۈچلۈكرەك سۆزلەيدۇ. بۇنداق باللارنىڭ تىل ئۆگىنىشى ھەتتا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشى ئاسانراق بولىدۇ. تېلېۋىزوردىكى بەزى سۆزلەرنى ياكى كىتابتىكى بەزى جۈملىلەرنى ئاسان تۇتۇۋالالايدۇ. شېئىر يېزىشنى، ھېكايە ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدۇ. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ماھىر كېلىدۇ. بۇنداق باللارنى تەربىيىلەشتە كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا ئۇلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش، ساۋادى چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى كۆپلەپ كىتاب-ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش لازىم. شېئىر يادلاتقۇزۇش، يېزىق ئويۇنى ئوينىتىش، لۇغەت ئېلىپ بېرىش، يازغان-يادلىغانلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. قىسقىسى، تىل جەھەتتە ئالاھىلىكى بار باللار ئادەتتە زور مىقداردىكى تىل-يېزىق تەربىيىسىنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

مۇزىكا ئىقتىدارىغا ئىگە باللار بىر نەرسىلەردىن ئاھاڭ چىقىرىپ ئويناشنى ياخشى

كۆرىدۇ. ھەتتا ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەسۋاب، ماشىنا لاباسى، خەت بېسىش ماشىنكىسى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋازلارنىمۇ ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمدىلا ئايىغى چىققان چاغلاردا مۇزىكىلارنىڭ تارلىرىنى چېكىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋازىنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاڭلايدۇ، ئۇلارنىڭ يېڭى ناخشىلارنى ئۆگىنىشى تېز، تەلەپپۇزى توغرا بولىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ تالانتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا ناخشا ئېيتىپ بېرىش، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېلىپ بېرىش، ئىمكان بولسا مۇۋاپىق ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ياكى ئىشتىن سىرت مۇزىكا مەكتەپلىرىگە بېرىش، ئائىلە پېداگوگىكىسى بويىچە ئالاھىدە قابىلىيەتلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ تەربىيەلەش لازىم.

**2) ئەقلىي زىيادە بولغان بالىلارغا ئومۇمىي تەربىيە بېرىشنىڭ پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرى.** دەسلەپكى تەربىيە ئادەتتە تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش، بالىلارنىڭ تەسىرلىنىش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، ئويلاش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە خاتىرە قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە دىققەت قىلىش ئارقىلىق بالىلار ئەقلىنى ياخشى يېتىل-دۈرۈشنى باش پرىنسىپ قىلىدۇ. بۇ پرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يېشىغا قاراپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ:

**بىرىنچى، ئەركىلىتىش ياكى ئوينىتىش ئۇسۇلى.** بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى بوۋاقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بوۋاقلارنى ئەركىلىتىش ۋە ئوينىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى ۋە چوڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېيىنكى ئەقلىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، ئوبدان ئوينىتىش ياكى تاماشا قىلدۇرۇش ئۇسۇلى.** گوركىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئويۇن بالىلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەر-تىشىنىڭ يولى». ئويۇن-ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان تەربىيەلەش ئۇسۇلىدۇر. ئويۇن ئارقىلىق، بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىن.

**ئۈچىنچى ئېكسكۇرسىيە ئۇسۇلى.** ئېكسكۇرسىيە قىلىش بىر خىل خۇشاللىققا ھامى بولغان ئۆگىنىشتۇر. ئېكسكۇرسىيە ئارقىلىق بالىلاردا قىزىقىش ۋە بىلىش تەشنالىقىنى ئاسانلا قوزغىغىلى بولىدۇ. بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا قىلغان ئېكسكۇرسىيە تەسىراتلىرى ھەتتا ئۇلارنى بىرەر ئىلمىي پائالىيەت ياكى تېخنىك پائالىيىتى بىلەن ئۆمۈرلۈك شۇغۇللىنىشقا ئۇلارنىڭ بىرەر ماھارەت ئىگىسى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئېكسكۇرسىيە ئادەتتە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلارغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. سەھرالىق بالىلارنى شەھەرلەرگە، شەھەرلىك بالىلارنى سەھرا-قىشلاقلارغا ئالماشتۇرۇپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغاندا، ئۇلار ئۆزلىرى ناتونۇش بولغان مەنزىرىلەردىن تەسىرلىنىدۇ. شەھەر تۇرمۇشى بىلەن چوڭ تەبىئەت توغرىسىدا تۈرلۈك تەسەۋۋۇرلاردا بولىدۇ. دېمەك، ئېكسكۇرسىيە بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋە تەسەۋۋۇر پادىشاھلىقىدا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرىدىغان ياخشى ئۇسۇلدۇر.

**تۆتىنچى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى.** ئوقۇتۇش-بالىلارغا پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا بەزى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشتۇر. مەسىلەن، خەت تونۇتۇش، سان سانىتىش، رەسىم سىزدۇرۇش، مۇزىكا چالدۇرۇش قاتارلىقلار. بۇنداق دېسە، ھەدېسىلا خەت تونۇتۇشنى بالىلار ئەقلىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇ پەقەت بىرلا تەرەپنى ئىپادىلەيدۇ.

دەسلەپكى تەربىيىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىنى ئۆلچەشتە. بالىلاردىكى ئىنكاسچانلىقنىڭ جانلىق بولۇشىنى، بىلىمنىڭ كەڭ بولۇشىنى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ مول بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. كىنو-تىياتىر كۆرسىتىش، ھېكايە سۆزلەپ بېرىش قاتارلىقلارمۇ بالىلارنى ئوقۇتۇشنىڭ ياخشى مەزمۇنلىرىدۇر.

**بەشىنچى، ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى.** بالىلار بىرمۇر ئۇتۇق قازانغاندا ياكى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىدە ئىلگىرىلىگەندە دەرھال تەقدىرلەش، خاتا ئىش قىلىپ قويغاندا، تەنقىدلەش كېرەك. ئەمما، تەقدىر-تەنقىدنىڭ ۋەزنىنى بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بالىلارغا چىنلىق بىلەن جانلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى بىلدۈرۈش كېرەك. مۇۋاپىق تەقدىرلىگەندە بالىلار ئىلھاملىنىپ ئالغا باسىدۇ، تەقدىرلەش ئارتۇق بولۇپ كەتكەندە، بالىلار ئورۇنسىز مەغرۇرلىنىپ قېلىپ ئاسانلا قانائەتلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ، تەنقىد مۇۋاپىق بولغاندا، بالىلار تۈزىلىدۇ، ئۇرۇش، تىللاش ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەنقىدلەر بالىلارنى بۇزىدۇ.

**ئالتىنچى، ئۆزى ئۈلگە بولۇش ئۇسۇلى.** بالىلار ئاتا-ئانىنى دوراشقا تولىمۇ ئامراق، ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەربىر گەپ-سۆزى ئەمەلىيەتتە بالىلار دورايدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان مەزمۇندۇر. ئاتا-ئانا بالىلارنى ئالدىسا، بالىلارمۇ كىشىلەرنى ئالداشنى ئۆگىنىدۇ، ئاتا-ئانا راستچىل بولسا، بالىلارمۇ راستچىل بولىدۇ، ئاتا-ئانىنىڭ يامانلىق ياخشىلىقى بالىسىدا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى ياخشى ئادەم بولۇش ئارقىلىق پىداگوگىكىسىنى ئىجرا قىلغىنىدەك تەربىيىلىنىش كېرەك.

**3) دەسلەپكى ئومۇمىي تەربىيىنىڭ ئاساسىي ۋە ۋاقىت تاللىشى.** زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئالىم ۋە پسىخولوگلاردىن خېلى كىشىلەر دەسلەپكى تەربىيىنى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا باشلاشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەرگىز بالا بۈگۈن تۇغۇلسا، ئەتىسىدىن باشلاپ خەت ئۆگىتىش دېگەن گەپ ئەمەس، دەسلەپكى تەربىيە مەزمۇنى ياشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، بۇ تەربىيە ئادەتتە بوۋاق بالىلاردا ئەقىل چېنىقى يورۇغاندىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بالىلار ئەقىل قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ: (1) 2-3 ياشقىچە بولغان ئارىلىق سەزگۈر ھەرىكەت باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ؛ (2) 3-5 ياشقىچە بولغان ئارىلىق كونكرېت ئوبرازلىق تەپەككۇر باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ؛ (3) 5-8 ياشقىچە بولغان ئارىلىق ئابستراكت مەنتىقە تەپەككۇر باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

1-3 ياشقىچە بولغان ئارىلىق ئاغزاكى تىل تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى بولىدىغان چاغ ھېسابلىنىدۇ. 3-5 ياشقىچە بولغان ئارىلىق كىتابى تىل تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى بولىدىغان چاغ ھېسابلىنىدۇ. 5-8 ياشقىچە بولغان ئارىلىق چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى چاغ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا تۇغۇلۇپ بەش ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقنى ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق دەۋر-سەزگۈرلۈك دەۋرى دەپ ئاتايمىز. ئۈچ ياشلىق ۋاقىتنى سەزگۈرلۈك دەۋرىنىڭ ئەقلىي پەرقلەرنى روشەن ئىپادە قىلىدىغان چوققىسى دەپ ئاتايمىز. تالانتلىق ئادەم تەربىيەلەشتە مۇشۇ سەزگۈرلۈك دەۋرگە سەل قاراشقا زادى بولمايدۇ. مۇشۇ چاغدا ئەقىللىق بولغان بالا كەلگۈسىدە ئەخلاقىي پەزىلەتلىكلا بولىدىكەن، بىرمۇر زوراۋان كۈچنىڭ ياكى ھەسرەت ئوتى بىلەن كۆيۈپ تۇرىدىغان رەشكنىڭ قەستلىشىگە ئۇچرىمىسىلا، ئاز-تولا تالانت كۆرسىتەلەيدۇ.

ھازىر دۇنيادا 16 دۆلەت بالىلارنى

سەزگۈرلۈك دەۋردە ئائىلىدە تەربىيىلەپ بەش ياشتا مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. 51 دۆلەت ئالتە ياشقىچە ئائىلىدە تەربىيىلەپ ئاندىن مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بالىلارغا بەش يېشىدا بىر خىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە بالىلارنى تۆت ياشتا مەكتەپكە بېرىش بەلگىلەنگەن. ھەربىر مىللەتنىڭ ئورۇنلاشقان جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە پەرق بولغانلىقتىن، بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەرخىل بولۇشى تەبىئىي، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدا 5ـ6 ياشقىچە بالىلار مەكتەپكە كىرسە تامامەن بولىدۇ. بولمىسا بالىلارنىڭ ھالقىلىق پەيتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ قارايمىز.

4) ئەقلىي زىيادە بولغان بالىلارنى ئوقۇشقا تەشكىللەش ئۇسۇللىرى. بۇ جەھەتتە چەت ئەللەردە قوللىنىدىغان ئۇسۇللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدە ئىجرا قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. چەت ئەللەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىش مۇۋاپىق بولسا كېرەك:

**بىرىنچى، ئەقلىي دەرىجىسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا** ئايرىش. پېداگوگىكىلارنىڭ قارىشىچە، ئەنئەنىۋى مائارىپتا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەڭ دەرىجىلىك سىنىپلار بويىچە بىر خىل دەرسلىك بىر خىل سۈرئەتتە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى داۋاملاشتۇرۇلسا، ئەقلىي زىيادە بالىلار «تويۇنمايدىغان»، ئەقلىي كەمرەك بالىلار «ھەزىم قىلالمايدىغان» ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلىي دەرىجىسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنداقتا بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، ئەقلىي زىيادە بالىلارنى يېتىشتۈرۈشنىمۇ تېزلەتكىلى بولىدۇ. ھازىر ئېنگلىزلار، نېمىسلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئاساسلىقى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى خىلى، تاشقى جەھەتتىن گۇرۇپپىغا ئايرىش، يەنى ئەنئەنىۋى بولغان يېشىغا قاراپ سىنىپلارغا ئايرىشنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئەمەلىي ئۆگىنىش نەتىجىسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىشتۇر. ئىككىنچى خىلى، ئىچكى جەھەتتىن گۇرۇپپىلارغا ئايرىش، يەنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە يېشىغا قاراپ سىنىپلارغا ئايرىشنى ساقلاپ قېلىپ، ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئوقۇشتىكى ئەمەلىي نەتىجىسى يۇقىرى بولغانلارنى A سىنىپ، ئوتتۇرا ھاللارنى B سىنىپ، تۆۋەنرەكلەرنى C سىنىپ قىلىپ ئايرىپ، ئوخشىمىغان ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك قوللىنىپ پەرقلىق ئوقۇتۇشتۇر.

ئىككىنچى، ئۆگىنىشنى تېزلىتىش. بۇ ئەقلىي زىيادە بالىلارنى يېشى، سىنىپ ئايرىمىسى قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراتماي تېز ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇلغا ئەمەل قىلىنغاندا، ئەقلىي زىيادە بالىلارنى يېشىغا قاتتىق چەك قويماي بۇرۇنراق ئوقۇشقا قوبۇل قىلىشقا ئەقلىي زىيادە بالىلارغا دەسلەپكى تەربىيىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ياش چېكىنى ئىگىلەپ، تەرتىپ بىلەن تەدرىجىي ئىلگىرىلەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش، ئەڭ مۇھىمى بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.

### بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى

بۇ بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى جەريانىدىكى مۇقەررەر ۋە ماھىيەتلىك بولغان

باغلىنىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈپ مەسىلە بار: (1) ئىرسىيەت مۇھىت ۋە تەلىم-تەربىيىنىڭ بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىدىكى رولى مەسىلىسى. ئىرسىيەت — بىر خىل بىئولوگىيىلىك ھادىسە بولۇپ، ئىنىدىۋىد ئەجدادلىرىنىڭ نۇرغۇن بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر ئورگانىزمنىڭ قۇرۇلۇشى، شەكلى، سەزگۈ ئەزالار ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردۇر. ئىنسانلارنىڭ ئىرسىيەت ساپاسى بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، بۇ ئالدىنقى شەرت بولمايدىكەن، بالىلار پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئىرسىيەت بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتىنى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنى تەبىئىي ئالدىنقى شەرت ۋە ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شارائىت ۋە تەلىم-تەربىيە-بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى بولۇپ، تەلىم-تەربىيە ھەل قىلغۇچ شەرتتە يېتەكچى رول ئوينايدۇ. بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ رېئاللىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، دەسلەپكى تەربىيىگە سەل قاراش زادىلا توغرا ئەمەس.

(2) بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەسىلىسى. بالىلار سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى جەريانىدا، بالىلارنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتىدە، جەمئىيەت ۋە ماتارىپ بالىلارغا قويغان تەلەپلەر بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭى ئېھتىياج بىلەن بالىلارنىڭ ئەسلىدىكى پسىخىك سەۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى بولىدۇ ۋە بۇ زىددىيەت بالىلار پسىخىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ. بالىلاردا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان يېڭى ئېھتىياج-بالىلارنىڭ مۇئەييەن جەمئىيەت ۋە ماتارىپ شارائىتىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلتۈرگەن بىر خىل ئىزلىنىش ۋە خاھىشىنىڭ مەلۇم شەيئىگە بولغان سۇبيېكتىپ چۈشەنچىسى بولۇپ، ئۇ جانلىنىۋاتقان يېڭى تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسلىدىكى پسىخىك ھالەت بولسا، سۇبيېكت ئىلگىرى ئەكس ئەتتۈرگەن پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بىلىش سەۋىيىسى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ كونا تەرەپكە، نىسبەتەن مۇقىم تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتى جەريانىدا، يېڭى ئېھتىياج بىلەن ئەسلىدىكى پسىخىك سەۋىيە ئۆز ئارا بېقىنىدىغان، ئۆز ئارا كۈرەش قىلىدىغان زىددىيەت بىرلىكىدە تۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق بالىلار پسىخىكىسنىڭ داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دەسلەپكى ئەقلىي تەربىيىسدە بۇ خىل زىددىيەت پائالىيىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش لازىم. (3) تەلىم-تەربىيە بىلەن تەرەققىياتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتى تاشقى سەۋەب مېخانىك ھالدا ياكى ئىچكى سەۋەب يەككە-يېگانە ھالدا بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى ئۇ بالىلاردا پسىخىك تەرەققىياتقا مۇۋاپىق بولغان ئىچكى سەۋەب ۋە تەلىم-تەربىيە شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، تەلىم-تەربىيىنىڭ بالىلارغا قويغان تەلىپى-ھەم مۇئەييەن دەرىجىدە قىيىن بولغان ھەم بالىلارنىڭ بەلگىلىك تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان شەرتكە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. شۇنداقلا، بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغىلى ھەمدە ھەققىي تۈردە تەلەپكە يەتكىلى، بۇ ئارقىلىق بالىلارنى پسىخىك تەرەققىياتقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدىكى تەربىيىدە

قولىنىلىدىغان ئۇسۇل مەكتەپ تەربىيىسىدە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل «ھۈنەر»، ئۇ پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، باللارغا ئېغىرچىلىق ۋە روھىي بېسىم كەلتۈرۈپ قويماي، باللارغا مۇناسىپ قىزىقارلىق بىلىم بېرىدىغان ئۇسۇل. بۇنداق تەربىيە بىلىم ئۆچكۈزۈش خاراكتېرىدە ئەمەس، ئېگىنى ئېچىش خاراكتېرىدە؛ بىلىمنىڭ سىستېمىلىق بولۇشىنى قوغلىشىش خاراكتېرىدە ئەمەس، قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنى ئاساس قىلىش خاراكتېرىدە؛ زورلاش خاراكتېرىدە ئەمەس، يېتەكلەش خاراكتېرىدە؛ كوللېكتىپ بىرلىككە كەلگەن خاراكتېردە ئەمەس، سۈرئىتى باشقا-باشقا بولۇش خاراكتېرىدە بولۇش كېرەك.

## 2. ئەقلىي كەملىك ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

### ئەقلىي كەملىك ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

ئەقلىي كەملىك بالىنىڭ تۇغۇت ئالدىدىكى ۋە تۇغۇلۇشتىن كېيىنكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىدا پەيدا بولغان توسالغۇلارنى كۆرسىتىدۇ. كىلىنىكىدا ئۇنى ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقىنى بەلگە قىلغان كېسەللىك دەپ قارايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر ئەقلىي قابىلىيەت ناچارلىقى يەنى باللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنە ئوخشاش ياشتىكى باللارنىڭ ئوتتۇرىچە يېتىلىش سەۋىيىسىدىن روشەن ھالدا تۆۋەنلىكىنى ھەمدە مۇھىتقا ماسلىشىش ھەرىكەت ئىپادىسىدە كۆرۈلىدىغان كەملىك ۋە نۇقسانىنى كەم ئەقىل دەپ ئاتايدۇ. بىز بۇ يەردە قوللىنىۋاتقان «ئەقلىي كەملىك» خەلق تىلىدىكى «كەم ئەقىل» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئوخشاش، ئەمما خەلق تىلىدىكى يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا قارىتىلغان «كەم ئەقىل»، «كۆڭلى قارا» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئوخشاش ئەمەس. ئادەتتە ئوتتۇرا ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى ئەقلىي كەملىكنى پەرقلەندۈرۈش ئاسان. يېنىك ئەقلىي كەملىكنى مەلۇم ۋاقىت سىستېمىلىق كۆزىتىپ؛ سىناپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كىچىك باللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ بىلىش، ئەستە ساقلاش، چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش، پىكىر قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش قابىلىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ياشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت مەلۇم بىر تەرىپىنىلا كۆرۈپ ئەقلىي كەم دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېغىر دەرىجىدە سوزۇلۇشچان كېسەل بولۇش، ئۇزاق مەزگىل ياختى ئۇزۇقلانماسلىق، كۆرۈش قۇۋۋىتى، ئاڭلاش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچراش ياكى تەربىيىلىنىش پۇرسىتى بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەقلىنىڭ ئاستا يېتىلىشمۇ يېنىك دەرىجىلىك ئەقىل كەملىك ھالىتىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. چۈنكى كىچىك بالا بۇ خىل ئەھۋاللاردىن خالى بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى نورمال ھالەتكە كېلىدۇ.

ئىلىمىزدە ئەقلىي كەملىك بىلەن ئاغرىغۇچىلارنى ئېغىر، ئوتتۇرا، يېنىك دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىيدۇ. يېنىك، ئوتتۇرا، ئېغىر دەرىجىلىك ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇنى تۇغۇت ئالدىدىكى، تۇغۇت ئۈستىدىكى ۋە تۇغۇلۇشتىن كېيىنكى ئۈچ تەرەپلىمە سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ تۇغۇت ئالدىدىكى ئامىل كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

تۇغۇت ئالدىدىكى ئامىل ئىرسىيەتلىك كېسەل ۋە تۆرەلمىنىڭ يېتىلىش جەريانىدىكى پايدىسىز ئامىللارنىڭ مېڭىدە پەيدا بولغان ناچار تەسىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۇغما كەملىك دەپ ئاتىلىدۇ. دوختۇر، ھەركە-

لەرنىڭ قارىشچە، ئىرسىيەت ئەجدادتىكى غەيرىيلىكنىڭ ئەۋلادىدا ئىسپاتلىنىش ھادىسىسىدۇر. ئىرسىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىي خروموسوما دەپ ئاتىلىدىغان ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا PNA ئاقسىلىدىن ئىبارەت گېنلىق ئىرسىيەت كۆپەيتكۈچلەر بار. ئادەم تېنىدىكى ھۈجەيرىلەردە 23 جۈپ خروموسوما بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر جۈپى جىنسىي خروموسوما، قالغانلىرى دائىملىق خروموسومىدىن ئىبارەت. بىر جۈپ جىنسىي خروموسوما جىنسىي ئايرىمنى بەلگىلەيدۇ. قالغانلىرى ئەر-ئاياللاردا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر ئاتىنىڭ ئۇرۇقى ياكى ئانىنىڭ تۇخۇم ھۈجەيرىسى ساغلام بولمىسا، تۆرەلمىدە كەمتۈكلۈك پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىرسىي ماددىنىڭ ئاساسلىق توشۇغۇچىسى بولغان خروموسوما ئىرسىيەت كېسەللىكنى توشۇش رولىنى ئويناپ، بەزى كېسەللىكلەرنى ھامىلىگە ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا قانداش ئۇرۇق-تۇغقانلار توي قىلسا، كۆپلىگەن گېنلار ئوخشاش بولغاچقا، ئىرسىيەتلىك كېسەللىكلەرنى ئېلىپ يۈرۈش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلاردا ئوڭايلا ئىرسىيەت كېسىلىنى ۋە تۇغما غەيرىيلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىرسىيەتلىك كېسەلنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، باللارنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە ئەمەلىي قابىلىيەتنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، باللاردا ئەقلىي كەملىك كۆرۈلگەندە ئالدى بىلەن ئىرسىيەتلىك كېسەلنىڭ ئېھتىمالىنى ئويلىشىش كېرەك. شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، ئىرسىيەتلىك كېسەلنىڭ بەزىلىرى نەسىل قوغلاپ ئەۋلادقا قالمايدۇ. ئاتا-ئانىدا ئىرسىيەتلىك كېسەل بولمىسا، بالىدىمۇ بولمايدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا كېسەل يۈز بەرگەندە ئىرسىيەتلىك كېسەلنى تامامەن ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت تۆۋەن بولۇشنى ئىرسىيەتلىك كېسەل كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن باشقا، يەنە بالىياتقۇ ئامىللىرىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى ھامىلە بالىياتقۇ ئىچىدە بالا ھەمرىيى ئارقىلىق ئانىنىڭ تېنىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ چوڭىيىدۇ، ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيى ھامىلە ھۈجەيرىلىرى ئايرىلىدىغان ۋە توقۇلما ئەزالار شەكىللىنىدىغان مەزگىل بولغاچقا، ئەگەر ھامىلدار ئايالنىڭ ئوزۇقلىنىشى ناچار بولسا، بويىدىن ئاجراش، بالدۇر تۇغۇپ قويۇش، ئۆلۈك تۇغۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. ئالايلۇق، تۆرەلمىگە يەلتاشما چىقىش، ئاددىي قوۋاق چىقىش، زور ھۈجەيرىلىك ئورالغان تەنچە كېسەللىكى، تۇغما سىبلىس قاتارلىقلار؛ ئانا بالىياتقۇسى غەيرىي تەبىئىي بولۇش، بالىياتقۇ خىزمىتى مۇكەممەل بولماسلىق، بالا ھەمرىيى خىزمىتى تولۇق بولماسلىق، ئېغىر دەرىجىدىكى قان ئازلىق كېسىلى، ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك كېسىلى، دىئابىت كېسىلى قاتارلىقلار؛ ئانا ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئىشلەتكەن بەزى دورىلار، چۈشكەن رېنتگېن نۇرى، كۆپ ئارىلىشىپ يۈرگەن قوغۇشۇن، ئارسېن، فوسفور، سىماب ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىقلار سەۋەب بولىدۇ. بالىياتقۇدا تۆرەلمىگە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ۋە تۆرەلمە تۇنجۇقۇپ قېلىش، مېڭە توقۇلمىلىرىنى زەخىملەندۈرىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. ھەمرىيى بەك كىچىك بولۇش، بالا ھەمرىيىدا سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇش، بالا ھەمرىيى بەك بالدۇر ئاجراش، كىندىك بېغى بېسىلىپ كېتىش، چىگىلىش، ئورۇلۇش قاتارلىقلارمۇ تۆرەلمىدە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك، تۆرەلمە تۇنجۇقۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب.

تۇغۇت ئوڭۇشلۇق بولماسلىق، ئالايلۇق، قىيىن تۇغۇت، تۇغۇش جەريانى ئۇزۇن بولۇش ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر پەيدا قىلغان تۇغۇت كېسەللىكلىرى مېڭە تۈگۈنىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭدەك ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك، تۇنجۇقۇپ قىلىشمۇ مېڭە قاناشنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مېڭە توقۇلمىلىرىدا كېسەللىك ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدا تۇنجۇقۇپ قېلىش ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇنى ھەر خىل سەۋەبلەر پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بالىنىڭ مېڭىسى زەخىملىنىپ ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى يىغىسى كىشىلەر ئارىسىغا يەنە بىر كىچىك جان قوشۇلغانلىقىنى جاكارلاش بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭدەك بىر ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ يىغا ئاۋازى بەك كېچىكسە (تۇغۇلۇپ بىر مىنۇتتىن كېيىن يىغلىسا) بوۋاقنىڭ تۇنجۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تۇنجۇقۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەقلىي كەملىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۇغۇتتىن كېيىنكى ئامىلنى ئالساق، تۇرمۇش جەريانىدا ھەرخىل ناچار ئامىللارنىڭ بالىنىڭ مەركىزىي نېرۋىسىغا تەسىر قىلىشى بىلەن بالا ئەقلىي كەم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا كۆپىنچە يۇقۇملىنىش سەۋەب بولىدۇ. ئالايلۇق، مېڭە ياللۇغى، مېڭە پەردىسى ياللۇغى، زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك مېڭە كېسىلى قاتارلىقلار. ئەگەر بۇ كېسەللەرنى ئۆز ۋاقتىدا سېزىپ، ئۆز ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بېرىلمىسا، ساقىندا كېسەللىكلەرنى، ئالدى بىلەن ئەقلىي كەملىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر ئۆپكە ياللۇغى، بۆرەك كېسىلى، شوك قاتارلىقلارمۇ ئەقىلنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر قىلىدۇ. ئېغىر دەرىجىدىكى ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكمۇ مېڭىنى زەخىملەپ ئەقلىي قابىلىيەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەر خىل تارتىشىش، جۇملىدىن قىزىتما، كالتسىي يېتىشمەسلىك پەيدا قىلغان تارتىشىشنىڭ ۋاقتى ئۇزاققا سوزۇلىدىكەن ئۇ ھالدا ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن مېڭە قانايدۇ ياكى زەخىملىنىدۇ.

شۇنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، تاماكا چەككەن، ھاراق ئىچكەن ئاياللاردىن تۇغۇلغان بالىلاردا ئەقلىي كەملىك كۆرۈلۈشى ئادەتتە تاماكا چەكمەيدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغان ئاياللاردىن كۆپ بولىدۇ. تاماكا ۋە ھاراقتىن باشقا ئىچىملىك ۋە چېكىمەلىكلەرمۇ بالىنىڭ نورمال ئەقىللىق تۇغۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنداق بولۇشى تاماكا قاتارلىق چېكىملىكلەر ئادەم بەدىنىدە ھاسىل قىلغان كاربون چالا ئوكسىدى ھامىلىنىڭ ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلىنىشىنى ئازايتىپ، ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ۋاقتىدا ئەرگە تەگمەي، كېچىكىپ توي قىلغان قېرى قىزلاردىن، بەك قېرىپ كەتكەن ئاياللاردىن تۇغۇلغان بالىلاردىمۇ ئەقلىي كەملىك كۆرۈلىدىغانلىقى مەلۇم. ئېلىمىزدىكى پسىخولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە، تۇغما گالۋاڭلارنىڭ 42 پىرسەنتى ئەنە شۇنداقلاردىن تۇغۇلغان. چەت ئەل پسىخولوگلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە، تۇغما گالۋاڭلارنىڭ 60 پىرسەنتى ئاشۇنداق قېرى قىزلار ۋە قېرى ئاياللاردىن تۇغۇلغان.

قىسقىسى، ئەقلىي كەملىكنىڭ پەيدا بولۇشى تۈرلۈك سەۋەبلەردىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى مېڭە قابىلىيىتىنىڭ بىرەر سەۋەب بىلەن زەخىملىنىشكە ئۇچرىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

## ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئەقلىي كەملىك ئىنسانلار نېرۋا سىستېمىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، ھازىر دۇنيا بويىچە 50 بالىنىڭ ئىچىدە بىر بالا مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولماقتا. شىمالىي ئامېرىكىدا ھەر يىلى مېڭىسىدە تۇغما كەملىك كۆرۈلۈۋاتقان بالىلار 130 مىڭغا يېتىدۇ. ئامېرىكىدا ئەقلىي كەم بولغان بالىلار ۋە چوڭلاردىن 6 مىليون بولۇپ، بۇلار ئامېرىكا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 3

پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەقلىي كەملىك كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار %1-3 بولغان. شۇڭا، ئىنسانلاردىكى ئەقلىي توسالغۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھازىرقى دۇنيا مېدىتسىنا ئىلمىي ۋە پسىخولوگىيىسىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە دۇنياۋى يىغىنلارمۇ ئېچىلدى ۋە ھەرقايسى ئەللەردە ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورگانلىرىمۇ قۇرۇلدى. ئۇنداق بولسا، ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش كېرەك؟

ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالدى بىلەن دۆلەت سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئىززىتى ۋە مىللىي ئىگىلىكىنى ساقلاش تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەقلىغە توسالغۇ بولىدىغان كېسەللەرنى تۈگىتىش سىياسىتى تۈزۈش ۋە تەشۋىق قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى نۇقتىلار تەكىتلىنىدۇ:

بىرىنچى، خەلققە تۇغما گالۋاڭلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. ھازىر دۇنيادا بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان رايونلاردا باللارنىڭ باش سۆڭىكى نورمال بولماسلىق ۋە ئانا قورسىقىدا زەخىملىنىش تۈپەيلى، ئەقلىدە ئاجىزلىق پەيدا قىلىدىغان 300 مىڭ خىلغا يېقىن ئىرسىيەت خاراكتېرىدىكى كېسەللىك بار. بۇ كېسەللىكلەر شۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغۇچىلارنى ۋە شۇ رايون مىللەتلەرنى، باشقىلارغا سەت كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئادەم خارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ كېسەللەر كۆپىيىپ كەتسە، مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ھەر جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، تۇغما گالۋاڭلىقنى پەيدا قىلىدىغان شەكىل جەھەتتە باش سۆڭىكى نورمال بولمايدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ئىككىنچى، ئەقلىي ئاجىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۇغما ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. ھازىر دۇنيادا بولۇپمۇ ئىقتىدار، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان جايلاردا بۇنداق ئامىللار خېلى كۆپ. مەسىلەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئاياللار ھامىلدار ۋاقتىدا زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ قېلىش، ياخشى ئوزۇقلانماسلىق، يېقىن تۇغقانلار توي قىلىش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، يېشى بەك چوڭىيىپ كەتكەندە ھامىلدار بولۇپ بالا تۇغۇش، ھامىلدارلىقنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان مەزگىلدە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش قاتارلىقلار باللارنىڭ ساغلام تۇغۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ھاراق ئىچكەن، تاماكا چەككەن ئاياللارنىڭ باللىرى گالۋاڭ تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئەقلىي كەملىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، خەلقنى مۇنداق تۇغما ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئەقلىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مەسىلەن، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بالىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرىماي مېڭە ۋاسپالنىيىسىگە گىرىپتار قىلىش، چوڭلار مېڭە ۋاسپالنىيىسى بىلەن ئاغرىپ يۇقتۇرۇپ قويۇش قاتارلىق ئىللەتلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

تىببىي نۇقتىدىن ئالغاندا، باللارنىڭ كەم ئەقىل بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەھلىل ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ تەكتىنى ئىگىلەپ بولۇپ، ئىلمىي داۋالاش كېرەك. دوختۇر، ھەكىملەر بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ:

بىرىنچى، كېسەللىك تارىخىنى ئىگىلەش. بۇ بالىنىڭ ئائىلە تارىخى، ئانىنىڭ ھامىلدارلىق ئەھۋالى، تۇغۇت تارىخى، بالىنىڭ ئۆسۈش-يېتى-

لىش تارىخى، بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كېسەللىك تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئائىلە تارىخىدا ئاتا بىلەن ئانىنىڭ يېقىن تۇغقان ياكى ئەمەسلىكى، ئائىلىدە ئەما، گاس، تۇتقاق، مېڭە مەنبەلىك پالەچ، ھەرخىل تۇغما غەيرىي تەبىئىيلىك، ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن ياكى نېرۋا كېسىلى بولغانلارنىڭ بار-يوقلۇقى ئىگىلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ تۇغۇت تارىخىدا، تۇغۇلغان چاغدىكى بەدەن ئېغىرلىقى، بالدۇر ياكى يېنىك تۇغۇلۇپ قالغان-قالمىغانلىقى، تۇغۇت ئۇسۇلىنىڭ باشقىچە بولغان-بولمىغانلىقى، تۇغۇتنىڭ ئاسان بولغان-بولمىغانلىقى، تۇغۇتتىن كېيىن زەخىملىنىش، تۇنجۇقۇش، مېڭە قاناش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ بولغان بولمىغانلىقى، ئېغىر سېرىق چۈشكەن-چۈشمىگەنلىكى ئىگىلىنىدۇ. ئۆسۈش، يېتىلىش تارىخىدا نېرۋا روھىي سىستېمىسىنىڭ يېتىلىش ئەھۋالى، ئالايلۇق، چوڭ ھەرىكىتى (بېشىنى كۆتۈرۈش، ئولتۇرۇش-قوپۇش ۋە مېڭىش)، كىچىك ھەرىكىتى (قول بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتى)، تىل ۋە باشقا زېھنىي ئىپادىسىنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىنىدۇ. بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كېسەللىك تارىخىدا مېڭە سىرتى زەخىملىنىش، قاناش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى يۇقۇملىنىش، پۈتۈن بەدەن ئېغىر يۇقۇملىنىش، تارتىشقا دۇچار بولغان-بولمىغانلىقى، ئېغىر قىزىتما بولغان-بولمىغانلىقى نۇقتىلىق كۆزىتىلىدۇ.

ئىككىنچى، بەدەن تەكشۈرۈش. بۇنىڭدا ئاتا-ئانا، بالىنىڭ تەقى-تۇرقى، ئالايلۇق، بوينىنىڭ ئېگىزلىكى، بېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، بەستىنىڭ تەكشى ياكى تەكشى ئەمەسلىكى، قۇلاق، بۇرۇن، كۆز، ئېغىزنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكى، چىرايىدا غەلىتىلىك، قول-پۇتىدا غەيرىي تەبىئىيلىك، ئاڭلاش ئىقتىدارى، كۆرۈش قۇۋۋىتىدە نورمالسىزلىقنىڭ بار-يوقلۇقى، مۇسكۇلىنىڭ سوزۇلۇش كۈچىدە پەسىيىش-ئۆرلەش، ھەرىكىتىدە ماسلىشىش بار-يوقلۇقىغا دىققەت قىلىپ كۆزىتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، كېسەللىك تارىخى. بەدەن تەكشۈرۈش ۋە يېتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئېرىشكەن ماتېرىيالغا ئاساسەن، تەھلىل قىلىپ، بالىنىڭ ئەقلىي كەم بولۇپ قېلىشتىكى سەۋەبلەرنى تېپىشقا كىرىشىش، بۇنىڭدا قان، سۈيدۈك، مېڭە يۇلۇن سۇيۇقلۇقى، بويالغۇچى تەنچە قاتارلىقلارنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش، باشنى رېنتگېنغا چۈشۈرۈش، قول-پۇتنى رەسىمگە ئالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

قىسقىسى، ئېغىر ئىرسىيەتلىك كېسەل، تۇغما كېسەللىك ۋە مېڭە زەخىملىنىشتىن كېلىپ چىققان ساقىندا كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دورا ئارقىلىق ساقايتىش تەسكە توختايدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى تەربىيىلەش، مەشىق قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىرىشقاندىلا، ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

باللار كىچىك بولغاچقا، ئۇلار ئومۇمەن ئالغاندا، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ. شۇڭا، دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتە سىياسەت تۈزۈش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش يولى بىلەن ئاھالىنى ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قوزغىتىش، تىببىي خادىملارنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش ئېلىپ بېرىشى ئالدى بىلەن ئاتا-ئانىلار بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىرىشچانلىقى ئارقىلىق رېئاللىشىدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلارمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك:

بىرىنچى، باللاردىكى ئەقلىي كەملىكنى بالدۇر بايقاش ۋە بالدۇر داۋالاش. ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ ئەقلىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئۆز باللىرىنىڭ ھەرىكەت، سەزگۈ، خاتىرە، تەپەككۇر قابىلىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا نورمال باللاردىن كەملىك كۆرۈلگەن ھامان باللارنىڭ روھىي ئالامەتلىرىنى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنى ۋاقتىدا تەپسىلىي

تەكشۈرۈتۈش كېرەك. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بالىسىدا ئەقلىي كەملىك كۆرۈلگەن ھامان، ئاتا-ئانىلار ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنىڭ بىرى، بالىنى ھەددىدىن زىيادە ئارزۇلاپ، بالىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدا كەملىك تۇرسىمۇ ۋە ياكى تەرەققىياتتا نورمال بالىلاردىن ئاستا تۇرسىمۇ، «بالام ھامان نورمال» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى ۋە بالىسىنى ئالداشتۇر. يەنە بىرى، دەسلەپكى تەربىيە ۋە مەشقنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن بەزى شەيئىلەرنى بىلىپ يېتەلمىگەن بالىلارنى «ئەقلىي كەم» دەپ خاتا مەلۇم قىلىشتۇر.

ئاشۇ ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىش ئاساسىدا بەزى كېسەللەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، بالىلاردا پېنولكىتون ئالمىشىشنىڭ ئىرسىي كەملىكىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ئالغاندا، بالىلارغا فېنىللانىن تەركىبىي تۆۋەن بولغان يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش ئارقىلىق، مېڭىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئەھۋاللار ۋاقتىدا بايقاپ ئېلىنمىسا، بالا ئىككى ياشتىن ئۆتۈپ كەتسە، مېڭىنىڭ زەخىملىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. قالقانسىمان بەز ئىششىقىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرنى بوۋاق ۋاقتىدا بايقاپ داۋالىغاندا، مېڭە تەرەققىياتىنىڭ نورماللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تۇغما خاراكتېرلىك مېڭىگە سۇ يىغىلىش كېسەللىكلىرىنى بىخلىنىش ھالىتىدە ئوپېراتسىيە قىلىپ ياكى يىڭنە ئارقىلىق داۋالىغاندا ئۈنۈم قازانغىلى بولىدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندە تازا ياخشى ئۈنۈم قازانغىلى بولمايدۇ ۋە باشقىلار.

ئىككىنچى، ئاتا-ئانىلار بالىلاردىكى بەزى ئەقلىي كەملىكنى داۋالاش ئارقىلىق ساقايتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ھەمدە ئەقلىي كەملىكنى داۋالاشقا ئائىت ساۋاتلارنى ئىگىلەپ، يەڭگىلرەك بولغان ئەقلىي كەملىك كېسەللىكلىرىنى ئائىلىدە داۋالاشقا، تەربىيىلەش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئالاھىدە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئاتا-ئانىلار ئەقلىي كەملىك كۆرۈلگەن بالىلىرىغا سەۋرچان، قىزغىن بولۇشى، ئۇلارنى خورلىماسلىقى ۋە ئۇلارغا تىل-ئاھانەت قىلماسلىقى كېرەك. ئۇلارنى ئۇزاققىچە تەربىيىلەپ مۇھىتقا كۆندۈرۈشى، ئۇلارنى ئۆز مۇستەقىللىكىنى ساقلايدىغان ھەرىكەتلەر ۋە مېڭە تەرەققىياتىغا ئويغۇنلاشقان ئاددىي ئەمگەكلەرگە قاتناشتۇرۇشى لازىم.

قىسقىسى، ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جەمئىيەت، تىبابەت ۋە ئائىلە تەرەپتىن تەڭ ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەۋلادلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ، كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ئەۋلادلارنىڭ ساغلام تۇغۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا، ئەۋلادلار سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۇغما ۋە غەيرىي تۇغما ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئاغرىش، مېڭىنى زەھەرلەيدىغان تۈرلۈك زەھەرلىكلەردىن مۇداپىئە قىلماسلىق قاتارلىقلار نېرۋا شاخچىلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇڭا، تۈرلۈك بەتقىلىقلاردىن ساقلىنىپ، سۈپەتلىك بالا تۇغۇش، سۈپەتلىك بوۋاقنى سۈپەتلىك بولغان ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش ئارقىلىق، ئەقلىي ئاجىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەۋلادلارنىڭ ئەقىللىق ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ھەرقايسى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ئىكەنلىكىنى ئاھالىگە تولۇق ئۇقتۇرۇش، ساغلام، گۈزەل، ئەقىللىق پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن، ئاھالىنى ئىلمىي تۇرمۇشقا ئاتلاندۇرۇش كېرەك.

# ھەسەتخور

## (ئېپىزوت)

### ئابلىكىم ئابدۇكېرىم

ئورنى مەلۇم بىر دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كۆرۈش بۆلۈمى.

(دوختۇر كىتاب كۆرۈۋاتقان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ. سىرتتىن بىر كېسەل كىشى كىرىپ ھەممە ياققا قارايدۇ ۋە ئۆز ئۆزىگە سۆزلەيدۇ)

كېسەل: ئىست، ئىست! مەنمۇ مۇشۇنداق يەردە ئىشلەپ قالسامچۇ، قاراڭ بۇ دوختۇر ئەپەندىنى، ھۆكۈمەت بىكارغا بەرگەن ئاق خالاتنى كىيىۋېلىپ، دوتەيدەك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى ئىست، ئىست!

دوختۇر: (ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىدۇ) يولداش، ئاستاراق سۆزلەڭ، بۇ دوختۇرخانا.

كېسەل: مەنمۇ بىلىمەن.

دوختۇر: كېسەل كۆرسەتمەكچىمۇسىز؟

كېسەل: شۇنداق.

دوختۇر: بۇ يەرگە كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ. نەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟

كېسەل: ھېچيېرىم ئاغرىمايدۇ.

دوختۇر: (ھەيران بولۇپ) ھېچيېرىڭىز ئاغرىمىسا، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟

كېسەل: چۈنكى، بەك قىينىلىپ كەتتىم.

دوختۇر: (تېخىمۇ ھەيران بولۇپ) نېمىشقا قىينالدىڭىز؟

كېسەل: بىلمەيمەن.

دوختۇر: (چېچىلىپ) ئادەمنى تولا ئاۋارە قىلماڭ، كېسىلىڭىز بولمىسا چىقىپ كېتىڭ.

كېسەل: كىم سىزگە كېسىلىم يوق دېدى، بىلىپ قويۇڭ مېنىڭ كېسىلىم ئابلەتنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرسا-تۇرىدۇكى، ھەرگىز تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئابلەت دېگەن ئەبلەخ، ئىككى ئايدىن بېرى دوختۇرخانىدا قالتىس ئارام ئېلىۋالدى. تېخى نۇرغۇن چاقماق قەن يىغىۋال-دى. ئىست! ئىست!

دوختۇر: بۇ نېرۋا ئوخشىمامدۇ، (كېسەلگە قاراپ) بېشىڭىز ئاغرىمدۇ يا؟

كېسەل: ياق.

دوختۇر: ئەمسە سىز نېمىگە ئاساسەن ئۆزىڭىزنى كېسەل دەيسىز؟

كېسەل: ئاچچىقىم دەھشەت كېلىدۇ دوختۇر.

دوختۇر: بۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى ئەمەس، كېسىلىنى داۋالايدىغان دوختۇرخانا بۇرادەر. ئادەمنى تولا ئەخمەق قىلماي چىقىپ كېتىڭ.

كېسەل: دوختۇر، مەندە راستىلا كېسەل بار، بىلەمسىز مېنىڭ يۈرىكىم، خۇددى يارا ئۈستىگە تۇز چاچقاندەك ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ.



دوختۇر: (ئۆزىگە) بۇ يۈرەك كېسىلى ئىكەندە (كېسەلگە) كېلىڭ تەكشۈرۈپ باقاي (كېسەل دوختۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ، دوختۇر ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىغۇچ بىلەن تەكشۈرىدۇ) يۈرىكىڭىزنىڭ سوقۇشى ياخشىكەن، دېمەك سىزدە كېسەل يوق.

كېسەل: ئەستا... دوختۇر مەندە چوقۇم كېسەل بار. سىز بىلمەيسىز مەن شۇ تاپتا شۇنداق ئازابلىنىۋاتىمەنكى، ئۇتىنىڭ ئىچىدە كۆيگەندەك بولۇپ كېتىپ بارىمەن.

دوختۇر: سىز مۇشۇنداق ئازابلانغىلى قانچىلىك بولدى؟

كېسەل: دوختۇر، مېنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشىم ئەزەلدىن بار ئىدى. پات-پات تۇتىدۇ، لېكىن بۈگۈن بەش قېتىم تۇتتى.

دوختۇر: كېسىلىڭىزنىڭ تۇتۇشىغا نېمە سەۋەب بولدى؟

كېسەل: ھەممىنى قىلغان بىزنىڭ ئىدارىدا ئېچىلغان كاساپەت يىغىن.

دوختۇر: يىغىن؟

كېسەل: شۇنداق.

دوختۇر: يىغىن بىلەن سىزنىڭ كېسىلىڭىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

كېسەل بۈگۈن بىزنىڭ ئىدارە ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى.

دوختۇر: ئۇنداق يىغىن ھەممە ئىدارىدا ئېچىلىدىغۇ.

كېسەل: لېكىن، مەندىن باشقىلارنى مۇكاپاتلىدى ئەمەسمۇ.

دوختۇر: ياخشى ئىشلىگەنلەرنى ئەلۋەتتە مۇكاپاتلاش كېرەك.

كېسەل: سىز بىلمەيسىز دوختۇر. مېنىڭ كېسىلىم ئەنە شۇنداق چاغدا تۇتىدۇ.

دوختۇر: ھە، ئاشۇنداق چاغدا تۇتىدۇ دەڭ. ئۇنداقتا بىرىنچى قېتىم كېسىلىڭىز قانداق تۇتتى؟

كېسەل: ئەتىگەن ئىدارىغا كەلسەم، مەندىن باشقا ئەبلەخلەر: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشىپ، خۇددى بىر تۇققاننىڭ باللىرىدەك كۆرۈشۈپ كېتىپ بارامدۇ. قالتىس ئاچچىقىم كەلدى دەڭا.

دوختۇر: ئۇلار بىلەن سىزمۇ شۇنداق كۆرۈشسىڭىز بولمامدۇ؟

كېسەل: مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن پاراڭلاشمايمەن. ئۇلاردىن مەن ئۈستۈن تۇرىمەن. ئۇلار مەندىن قورقىدۇ.

دوختۇر: ئەسكىدىن جىنمۇ قورقىدۇ-دە...

كېسەل: نېمە دېدىڭىز؟

دوختۇر: كېسىلىڭىز ئىككىنچى قېتىم قانداق تۇتتى؟

كېسەل: مېنىڭ بىر قوشنام بار ئىدى. ئۇلار داۋاملىق ئۇرۇشۇپ تۇراتتى، لېكىن ئەتىگەن قارىسام ھېلىقى مۇناپىق قوشنام خوتۇنىنى ۋېلسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا سەنەمدەك قىسىپ، ئىشقا ئەكىتىپ بارامدۇ. بۇنى كۆرۈپ شۇنداق ئازابلاندىمكى...

دوختۇر: ھەي بۇرادەر، ئەر-خوتۇن ئىناق ئۆتسە سىزگە نېمە زىيىنى بار؟

كېسەل: ئۇلار ئىناق ئۆتسە، يۈرىكىم ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ.

دوختۇر: نېمىشقا؟

كېسەل: بىلمەيمەن.

دوختۇر: ئەگەر، ئۇلار ئۇرۇشۇپ تۇرسىچۇ؟

كېسەل: ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشۇپ تۇرسا، خۇددى بىكارلىق كىنو كۆرگەندەك ھوزۇرلىنىپ كېتىمەن.

دوختۇر: چۈشىنىشلىك.

كېسەل: كېسىلىمنى تاپقاندەك بولۇۋاتامسىز؟

دوختۇر: شۇنداق، كېسىلىڭىزدىن ئازراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋاتىمەن. ئۈچىنچى قېتىم قانداق تۇتتى؟

كېسەل: بۇ بەكلا ئازابلىنارلىق ۋەقە دوختۇر، مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئالىم سەۋەبچى، چۈنكى ئۇ مېنى قەستلەۋاتىدۇ، ئۇ مېنى

ئۆلتۈرمەكچى.

دوختۇر: ئۇ سىزگە زەھەر بەرمىگەندۇ؟

كېسەل: زەھەردىنمۇ يامان، ئۇ بىزنىڭ ئىدارىغا باشلىق بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. ھەممىدىن يامىنى يولداشلار ئۇنى بەك قوللاپ كەتتى.

دوختۇر: ئۇنداق بولسا سىزمۇ قوللاڭ.

كېسەل: نېمە؟! سىز مۇشۇنداق دوختۇرمۇ؟ بۇ خەتەرلىك دورىڭىز بىلەن سىزمۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ سىزگە دەپ قوياي، مەن ئۆلۈپ كەتسەم سىز مەسئۇل.

دوختۇر: مەن سىزگە دورا بۇيرۇغىنىم يوققۇ؟

كېسەل: ھازىرلا ئالىمنى قوللاڭ دېدىڭىزغۇ؟ مېنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز بولامتى.

دوختۇر: خاپا بولماڭ، سىزنىڭچە ئالىم ياخشى ئادەم ئەمەسكەندە؟

كېسەل: مۇناپىق دەڭا، ئۇ مۇناپىق بولمىسا، ياپ-ياشلا تۇرۇپ باشلىق بولۇۋالامدۇ؟ يولداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشۋالامدۇ؟ ئابلىزنى ئىلغار سايلىمايمىز دەپ تۇرۇۋالسام ئۇنىماي ئابلىزنى ئىلغار سايلىۋېتەمدۇ؟ ئابلىز دېگەن خومپەر 200 يۈەننى يۈرىكىمدىن سۇغۇرغاندەك، مۇكاپات ئېلىپ خەجلىۋالدى. ئىست، ئىست!

دوختۇر: ئابلىزنىڭ مۇكاپات ئېلىشىغا كۆپچىلىك قوشۇلغانمۇ، قانداق؟

كېسەل: قوشۇلغان، ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى.

دوختۇر: سىز ئۇنىڭ ئىلغار بولۇپ سايلىنىشىغا نېمىشقا قوشۇلمىغان؟

كېسەل: چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئېغىر بىر جىنايىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

دوختۇر: ئۇ قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەن؟

كېسەل: قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ: ئابلىز ئەر، ئۇيغۇر، ئۇ 8-ئاينىڭ 8-كۈنى سائەت 8:00 دە ۋېلسىپىتنىڭ يېلى چىقىپ كەتتى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئىشقا بىر مىنۇت، ئىككى سېكۇنت ئۈچ دەقىقە كېچىكتى. (دوختۇر قاقاقلاپ كۈلىدۇ) كۈلمەڭ، مېنى قىينىماڭ! توختا دەيمەن.

دوختۇر: نېمە بولدى؟

كېسەل: سىز مېنى قىيناۋاتىسىز.

دوختۇر: مەن. سىزنى نەدە قىيناپتىمەن؛

كېسەل: ھازىر كۈلدىڭىزغۇ.

دوختۇر: كۈلسەم نېمە بولىدۇ؟

كېسەل: سىز بىلمەيسىز دوختۇر. مەندىن باشقىلار كۈلسە، يۈرىكىم ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتىدۇ.

دوختۇر: نېمە دېگەن غەلىتە كېسەل بۇ.

كېسەل: مەن سىزگە «مېنىڭ كېسىلىم ئابلەتنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەپ باياتىن دېمىگەنمىدىم.

دوختۇر: كېسىلىڭىزنىڭ ئېغىرلىشىشىغا يەنە قانداق ئىشلار سەۋەب بولدى؟

كېسەل: كۈلمىسىڭىز دەپ بېرىمەن.

دوختۇر: ماقۇل. كۈلمەي.

كېسەل: شەھىرىمىزدە مۇكاپاتلاش چەك سوممىسى تارقاتقان ئىكەن.

دوختۇر: خەۋىرىم بار، بىرىنچى دەرىجىلىك چەك چىققانلارغا بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور بېرىدىغۇ دەيمەن.

كېسەل: شۇنداق. ياپونىنىڭ ئېسىل مېلى دەڭا.

دوختۇر: ئۇ چەك كىمگە چىققاندۇ؟

كېسەل: كىمگە چىقاتتى. بىزنىڭ ئىدارىدىكى توختى تازنىڭ ئۈچ ياشلىق ماڭقا بالىسىغا چىقتى. ئېيتىڭا دوختۇر، مۇشۇمۇ ھەققەت بولدىمۇ؟ مەن يۈز كويلۇق ئالسام چىقماي، ئۇ شۇمتەك ئىككى كويلۇق ئالسا ئۇنىڭغا چىقسا، شۇنىمۇ ھەققەت دېگىلى بولامدۇ. ئىست، ئىست!

دوختۇر: (تەنە قىلىپ) قانداق قىلىمىز ئەمدى. سەۋرى قىلىڭ (دەل شۇ چاغدا

سىرتتىن سېسترا كىرىدۇ.

سېسترا: دوختۇر، 16 - كارىۋاتتىكى كېسەل قازا قىلدى.

دوختۇر: ھەي... ئۇ بىچارىنىڭ ئۇششاق باللىرى بار ئىكەن. يامان بولدى - دە. بار ئامال - چارىلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق. قۇتۇل- دۇرالمىدۇق... نە ئىلاج... ئائىلىسىگە ئۇقتۇراي- لى! (سېسترا چىقىپ كېتىدۇ، كېسەل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېجىيىدۇ - دە ئىڭىشىپ ناخشا ئوقۇيدۇ)

دوختۇر: نېمە بولدىڭىز؟

كېسەل: خۇشال بولۇۋاتىمەن.

دوختۇر: نېمە ئۈچۈن؟

كېسەل: ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆلگىنى ئۈچۈن.

دوختۇر: بىرۇ ئۆلۈپ كەتسە خۇشال بولىدىغان قانداق ئادەم سىز؟

كېسەل: ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن دوختۇر. ئادەملەر- گە زىيان بولۇپ تۇرسا، ئۆلۈم - يېتىملەر بولۇپ تۇرسا، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. (سىرتتىن سېسترا كىرىدۇ)

سېسترا: دوختۇر سىزگە خۇش خەۋەر.

كېسەل: ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! خۇش خەۋەر دېگۈچە شۇم خەۋەر دېسىڭىز بولمامدۇ.

سېسترا: خۇش خەۋەرنى خۇش خەۋەر دېمەي، نېمىشكە شۇم خەۋەر دەيدىكەنمەن، قانداق ئادەم بۇ.

دوختۇر: (سېستراغا) سىز ماڭا نېمە شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىز؟

سېسترا: مەن سىزگە شۇم خەۋەر ئەمەس، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

كېسەل: (جىلە بولۇپ) ئاغزىڭنى يۇم!

دوختۇر: بۇياق خۇش خەۋەر زىيان قىلىد- غان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ.

سېسترا: توۋا، شۇنداقمۇ كېسەل بولامدۇ؟

كېسەل: ئىست، ئىست بۇنداق كېسەلنىڭ بارلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ مائاش ئالىدىكەن.

دوختۇر: (سېستراغا) شۇڭا سىز خۇش خەۋەر دېگەن سۆزنى شۇم خەۋەر دەپ ئېلىۋېرىڭ.

سېسترا: شۇم خەۋەر، سىزنىڭ يازغان كىتابىڭىز نەشىردىن چىقىپتۇ، قەلەم ھەققىڭىز ئۈچۈن بەش مىڭ سوم ئەۋەتىپتۇ، مانا چەك. (دوختۇرغا چەكنى بېرىدۇ، سېسترا چىقىپ كېتىدۇ).

كېسەل: بەش مىڭ سوم! ئاھ خۇدا! مەن ساڭا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، سەن مېنى نېمانچە قىينايدىغانسەن! (ئۇ ئورۇندۇققا بېرىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ)

دوختۇر: سىزنىڭ كېسىلىڭىز ئېنىقلاندى.

كېسەل: مەن قانداق كېسەل ئىكەنمەن دوختۇر؟

دوختۇر: سىز بەك ئېغىر، بەك يىرگىنىشلىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپسىز.

كېسەل: مەن ئۆلۈپ كەتمەسمەن دوختۇر؟

دوختۇر: ياق، ئۆلمەيسىز، لېكىن، ئۆلگەندىن- مۇ بەتتەر قىينىلىسىز.

كېسەل: بۇ كېسەلگە داۋا يوقمۇ دوختۇر؟

دوختۇر: بۇ كېسەلگە بىزدە داۋا يوق، داۋا ئۆزىڭىزدە.

كېسەل: مەن قانداق قىلسام ساقىيالايمەن؟

دوختۇر: سىز بۇ كېسەلدىن ساقىيىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقىم دەپ بىلىشىڭىز باشقىلارنىڭ غەم - قايغۇسىنى ئۆز غەم - قايغۇم دەپ بىلىشىڭىز كېرەك ئاندىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلەيسىز.

كېسەل: ياق، ياق! مەن باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقىم دەپ بىلەلمەيمەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس! مۇمكىن ئەمەس! (دوختۇرغا) جېنىم دوختۇر ئېيتىڭە، مېنىڭ كېسىلىمنىڭ ئىسمى زادى نېمە؟

دوختۇر: سىز ھەسەتخورلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپسىز.

كېسەل: ئاھ خۇدا!

(پەردە چۈشىدۇ).




تۇرغان شاۋۇدۇن

## سەزدىڭمۇ؟

ئۆتتۈم كوچاڭدىن ياڭرىتىپ ناخشا،
تونۇدۇڭمۇ يار مېنى ئۈنۈمدىن.
قەلبىمدە ئىشقىڭ ئوتى يالقۇنلار،
سەزدىڭمۇ ئۇنى ئاتەش كۈيۈمدىن،

كۈيۈمدە ئۆچمەس ئوتلۇق ئاھىم بار،
قەلبىمدە ھۆسنى رەنا ماھىم بار.
مېنى ناخشىغا پەيۋەندە قىلغان،
ئىشقىڭغا تەشنا ئىنتىزارىم بار.

ياڭرىتىپ ھەردەم ئېيتىمەن ناخشا،
ئوتلۇق ئاۋازىم ساڭا يەتسۇن، دەپ.
چېتىپ قەلبىمنى قەلبىڭگە ناخشام،
ۋەسلىڭ كۆڭۈلنى ئاۋات ئەتسۇن، دەپ.

## ئەقلىمنى ئالدى كۆزلىرىڭ

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
مەھلىيا قىلغان مېنى.
شۇ سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭ.

ۋەسلىڭگە يەتمەك ئۈيدا،
كەزدىم مۇھەببەت كويدا.
ئەيلىمسەڭ گەر سەن ۋاپا،
قىلغاي مېنى مەھكۇم جاپا.

ئايغا كۈن يولداش بولۇر،
چولپانغا ئاي سىرداش بولۇر.
گۈل كۈلۈپ تەلپۈنمىسە،
بۇلبۇل. ئىچۇك مۇڭداش بولۇر.

نەقرات:
كۆزدىما بەردىم كۆڭۈل،
سەنمۇ ھەم بەرگىن كۆڭۈل.

## باغۋەن يار

زەر ھالقا ياراشىپتۇ،
گۈل قىسقان قۇلاقىڭغا.
دىلغا ئوت تۇتاشىپتۇ،
يالقۇنلۇق پىراقىڭدا.

يالقۇنلۇق پىراقىڭدىن،
كۆڭلۈمنى ئۈزەلمەيمەن.
گۈل ئاشىقى بۇلبۇلدەك،
باغىڭدىن كېتەلمەيمەن.

باغىڭدا بولۇپ باغۋەن،
گۈللەر ئۆستۈرەي دەيمەن.
گۈل بولۇپ قۇلاقىڭدا،
سېنى كۈلدۈرەي دەيمەن.

## گۈلچى قىز

تەر تامچىسى چاقنىسا،
پېشانەڭدە ئۈنچىدەك.
جۇلالىنار جامالىڭ،
شەبنەم قونغان غۇنچىدەك.

غۇنچە نېمە، گۈل نېمە،
گۈلدىن گۈزەل قامىتىڭ.
ئىزلىرىڭدىن گۈل ئۈنەر،
گۈل ئۆستۈرمەك ئادىتىڭ.

تۇرساڭ گۈللەر ئىچىدە،
گۈللەر ماڭا نە كېرەك.
گۈلدىن گۈزەل ھۆسنىڭگە،
تەلپۈنمەمدۇ بۇ يۈرەك.

گۈل ئۆستۈرمەك ئادىتىڭ،
گۈلدىن گۈزەل قامىتىڭ.
سېنى گۈللەر ئىچىدە،
كۆرمەك مېنىڭ راھىتىم.

# يەھۇدىي مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا



ئابدۇقەييۇم مۇسا

يەھۇدىيلار ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئەنىڭ ئوتتۇرىسى بولغان ئوتتۇرا شەرقتىكى پەلەستىن رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا لىۋان، سۈرىيە بىلەن جەنۇبتا مىسىرنىڭ سىناي يېرىم ئارىلى بىلەن، شەرقتە ئىئوردانىيە بىلەن، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن تۇتىشىدۇ.

پەلەستىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەتلىك جايلارنىڭ بىرى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ جايدا ياشىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادى كونا تاش قورال مەدەنىيىتىنى ياراتقان. يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتى دەۋرىدە بۇ جايدىكى قەدىمكى قەبىلىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ جاي مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان، بۇ مەزگىل يەھۇدىيلارنىڭ مىس قورال دەۋرىدىن تۇچ قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان مەزگىل ئىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە غەربىي ئاسىيانىڭ جەنۇبىي بىلەن شەرقىدىكى چۆللۈكلەردە ياشىغۇچى سېمىت خەلقىنىڭ بىر تارمىقى بولغان كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى قەبىلە — يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئىبرانىيلار پەلەستىنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىبرانىيلاردا سىنىپىي بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. ئۇلاردا ئىككى چوڭ قەبىلە ئىتتىپاقى شەكىللەندى، شىمالدىكىسى ئىسرائىلىيە، جەنۇبتىكىسى يەھۇدىي دەپ ئاتالدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 13-ئەسىرلەردە مىسىردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەھۇدىيلارنىڭ يولباشچىسى مۇسا يەھۇدىيلارغا رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مىسىردىن قېچىپ چىقىپ سىناي يېرىم ئارىلىدىكى قۇملۇق رايونلاردا سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، كېيىن پەلەستىنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 11-ئەسىرلەردە بۇ ئىككى چوڭ قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ئىسرائىل قەبىلىسى بىلەن يەھۇدىي قەبىلىسى ئىككى چوڭ شەھەر دۆلىتى بولۇپ شەكىللەندى. يەھۇدىيلارنىڭ ھەربىي يولباشچىسى،



يەھۇدىي شەھەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى داۋۇد (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1013-يىلدىن 973-يىلغىچە) بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 973-يىلدىن 933-يىلغىچە) يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى چوڭ دۆلىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن يەھۇدىيلار خاندانلىقىنى قۇرغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەھۇدىي دىنى شەكىللەنگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىرلەردە يەھۇدىي دىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولغان. يەھۇدىي دىنى ياخۋېنى ئالەمدىكى بىردىنبىر خۇدا دەپ چوقۇنغان، يەھۇدىي دىنىنىڭ قارىشىچە، ياخۋې خۇدا ئىنسانلار ئارىسىغا قۇتقازغۇچى ئىگەمنى ئەۋەتىپ، ئازاب-ئوقۇبەتتە قالغان يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزىدۇ «قۇتقازغۇچى ئىگەم ھەممىگە قادىر» دېگەن ئىدىيىنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۇسا يەھۇدىي دىنىنىڭ «10 تۈرلۈك قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىققان، بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات» كونا ۋەسىيەت بولۇپ، بۇ دىن يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 11-ئەسىرلەردە يەھۇدىيلار پەلەستىن دېڭىز بويلىرىغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. پەلەستىنلەرنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار دۆلىتى پارچىلىنىشقا باشلىغان، لېكىن يەھۇدىيلار پەلەستىنلەردىن ئۈچ ئېلىش نىيىتىدە ئۇلار بىلەن ئۇزاق مەزگىل دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇرۇپ، پۇرسەت تاپسىلا پەلەستىنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ پەلەستىنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن ئىسرائىل-يەھۇدىي دۆلىتىنى قۇرۇپ يېرۇسالېم (قۇددۇس) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. شۇڭلاشقا كېيىنكى كىشىلەر ئىبرانىيلارنى ئىسرائىل ياكى يەھۇدىيلار دەپ ئاتىغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 935-يىلى ئىسرائىل-يەھۇدىي دۆلىتى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، جەنۇبتىكىسى يەھۇدىيە دۆلىتى، شىمالدىكىسى ئىسرائىلىيە دۆلىتى دەپ ئاتالدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 722-يىلى دېجلە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان ئاسۇرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى سارگون II ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى بويسۇندۇردى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان يەھۇدىي ئاھالىلىرى ئەسىر قىلىنىپ ئاسۇرىيىگە ھەيدەپ بېرىلدى. لېكىن يەھۇدىيە پادىشاھلىقى نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش تارتۇق قىلىش بەدىلىگە ساقلىنىپ قالدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 586-يىلى يېڭى بابىل پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى نىبۇچادنىززار II يېرۇسالېم (قۇددۇس) نى ئىشغال قىلىپ يەھۇدىيىدىكى نۇرغۇنلىغان ساراي ۋە ئىبادەتخانىلارنى ھەمدە نۇرغۇنلىغان مەدەنىي مىراسلارنى ۋەيران قىلدى، نۇرغۇنلىغان يەھۇدىي ئاھالىلىرىنى ئەسىر قىلىپ، بابىلغا ئېلىپ بېرىپ قۇل بازارلىرىدا ساتتى، بۇ ۋەقە تارىختا «بابىل تۇتقۇنلىرى» دەپ ئاتالدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 538-يىلى پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ بۈيۈك ئىمپېراتورى كوروش بابىل پادىشاھلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، «بابىل تۇتقۇنلىرى» نى ئازاد قىلىۋەتتى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 63-يىلى رىم ئىمپېرىيىسى پەلەستىننى بېسىۋالدى ھەمدە يەھۇدىيلارنىڭ بىرقانچە قېتىملىق زور كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرىنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىيلارنى قىرىپ تاشلىدى، قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان يەھۇدىيلار پەلەستىندىن ھەيدەپ چىقىرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جۈملىدىن شىمالىي ئافرىقا، كىچىك ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ شۇ دۆلەت ۋە رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ بارا-بارا شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ كەتتى، ياكى شۇ جايدىكى خەلقلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى، 1882-يىلدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا پەلەستىندە ئاران 20 مىڭ يەھۇدىي قالغان. يەھۇدىيلار تارىختا ئۆز بېشىدىن نۇرغۇنلىغان بەختسىزلىكلەرنى كەچۈرگەن. بولۇپمۇ 14-، 15-ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. مەسىلەن، ئۇلار يەھۇدىيلارنى

باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەھۇدىيلار ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلار چوقۇم سېرىق رەڭلىك ئالتە بۇرجەكلىك يۇلتۇز بەلگىسىنى تاقىشى شەرت دەپ بەلگىلىگەن.

گىتلېر گېرمانىيەدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، گېرمانىيە مىللەتچىلىرى دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى سىرتقا بۇراش ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا قارشى ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، يەھۇدىيلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالاش بىلەن بىرگە ئۇلارغا قارشى سىياسەتنى تەلۋىلەرچە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن چەتكە قېقىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، يەھۇدىيلارنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئالتە مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىي زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىرقچىلىق سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ئىدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىي بۇرژۇئازىيىسى جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدا «يەھۇدىي قىساسچىلىق ھەرىكىتى»نى قوزغاپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە قايتىپ پەلەستىندە يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى. يەھۇدىي قىساسچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەشەببۇسچىسى سىئودور خوسىئىر (1862 — 1904) 1896-يىلى «يەھۇدىي دۆلىتى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە قايتىپ كېلىپ، يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشقا چاقىردى ۋە يەھۇدىي قىساسچىلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن نەزەرىيە ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئاساس يارىتىشقا ئۇرۇندى. 1897-يىلى ئۇنىڭ باشچىلىقىدا شۋېتسارىيىنىڭ بازىل شەھىرىدە تۇنجى قېتىملىق «دۇنيا يەھۇدىيلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى» چاقىرىلدى، بۇ قۇرۇلتايدا «دۇنيا يەھۇدىيلار دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەشكىلاتى» قۇرۇش قارار قىلىندى. يەھۇدىي قىساسچىلىق ھەرىكىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى جاھانگىرلار بولۇپمۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى قىزغىن قوللىدى. چۈنكى قىساسچىلىق ھەرىكىتى بىلەن قىساسچىلارنىڭ تەشەببۇسلىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ ئەرەب مىللىي كۈچلىرىگە ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىغا مۇستەقىل ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىيىتىگە ماس كېلەتتى. لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشتا پىكىر بىرلىكى يوق بولۇپ، جام. ۋىتسمان ۋەكىللىكىدىكى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغۇچى ئەنئەنىچىلەر پەلەستىننىڭ بىر قىسىم زېمىنىدا يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلسا، ژاپوتىنىسكىي ۋەكىللىكىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ پۈتۈن پەلەستىن زېمىنىدا يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇندىن ئېتىبارەن يەھۇدىي قىساسچىلىرى بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى.

1917-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بېرىن ئامېرىكىنىڭ قوللىشى بىلەن «بېرىن خىتابنامىسى»نى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «دۇنيا يەھۇدىيلار دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەشكىلاتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى روسسولىتقا خەت يېزىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە ماكان تۇتۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە شۇ يىلى 12-ئايدا پەلەستىننى بېسىۋالدى. جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، نېفىت زاپىسى مول بولغان ئوتتۇرا شەرققە ئۇزۇندىن بۇيان كۆز سېلىپ تۇرغان ئامېرىكىمۇ 1918-يىلى «بېرىن خىتابنامىسى»نى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداق قىلىپ جاھانگىرلار ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، ئوتتۇرا شەرققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش سۈيىقەستىنى يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئىشقا

ئاشۇرماقچى بولدى.

«بېرىن خىتابنامىسى» جاكارلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەھۇدىيلار پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئەرەبلەرنىڭ يەر-زېمىن، ئۆي-ماكانلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. نەتىجىدە ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ نۇرغۇنلىغان پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر مۇساپىرلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئەنگلىيە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ پەلەستىن مەسىلىسىنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەل قىلىشىغا سۇنغان ئىدى. 1947-يىلى 11-ئاينىڭ 29-كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «پەلەستىننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» توغرىسىدا 181-نومۇرلۇق قارارنى چىقىرىپ، پەلەستىن رايونىدا ئىككى دۆلەت قۇرۇشنى قارار قىلدى. 14 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوندا يەھۇدىي-ئىسرائىل دۆلىتى؛ 11 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوندا ئەرەب دۆلىتى قۇرۇلماقچى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بولۇپ، يېرۇسالېم (قۇددۇس) شەھىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇ يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلدى، ئەمما ئەرەب دۆلىتى تەشكىللەنمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەھۇدىيلار، ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى قوللىشى ۋە ياردىمى نەتىجىسىدە ئەرەب زېمىنلىرىنى بېسىۋالدى. 1948-يىلى 1-ئايدىن 4-ئايغىچە بولغان قىسقىغىنە ئۈچ ئاي ئىچىدە 300 مىڭ پەلەستىنلىك ئەرەب ئۆز يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ كېتىپ سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرى ئورنىغا يەھۇدىيلارنىڭ ئاھالىلىرى ئولتۇراقلىشىپ، يەھۇدىي كۆچمەن مەھەللىلىرىنى قۇردى. 1948-يىلى 14-ماي يەھۇدىيلارنىڭ ھۆكۈمىتى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى 15-ماي كۈنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پەلەستىندىكى بارلىق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن ئىسرائىلىيە پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەرەب زېمىنلىرىنىمۇ زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭمۇ پەلەستىندە ئەرەب دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى ئەمەلگە ئاشمىدى. لېكىن دۇنيا جامائەتچىلىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلگە ئېشىشىنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرقتە تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئۈمىد ۋە ئارزۇ ئاساسەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئارزۇ ۋە ئۈمىدىنى نەزەردە تۇتۇپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنىڭ پەسىيىشى، ئاسىيانىڭ تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىسرائىلىيە دۆلىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. ئەگەر ئىسرائىلىيە دۆلىتى شۇنداق قىلالىسا، بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا-شەرق ۋەزىيىتىنى پەسەيتىش ۋە ئاسىيانىڭ تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى دۇنيا تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى بولۇپ قالاتتى.

ئېلىمىز ئاسىيا ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تاشقى مۇناسىۋەتتىكى بەش پرىنسىپقا ئاساسەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا 1992-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى ئىسرائىلىيە دۆلىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.



# پەرزەنت



(ھېكايە)

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

بۇ خوتۇننىڭ چېچى كۆكۈش رەڭدە بويالغان بولسىمۇ، پېشانىسىغا چۈشۈپ تۇرغان ئۈچ تۇتام چېچى ئاقۇش كۆرۈنەتتى. كۆزىدىن ئاققان ياشلىرى يۈزىدىكى گىرىمنى سۇۋاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ياپونچە كۆڭلىكىنىڭ سول مۈرىسىدىن ئىچ كۆڭلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ ئەلپازدا ئالدىراپ ساقچى ئىدارىسىغا كىرىپ كەلدى.

— بالامدىن ئايرىلىپ قالدىم! يالغۇز بالامنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ۋايجان، ياردەم قىلىڭلار، ياردەم.

— كىم ئېلىپ قاچتى؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ساقچى باشلىقى.

— ئېرىم، ساقچى تۆرەم، ئېرىم ئۆلگۈر!

ئۇنىڭ كۆز يېشى توختىماي ئاقاتتى. ئۇ ئېرى بىلەن ئاجرىشىدىغانلىقىنى، ئاجرىشىش ئۈچۈن سوتقا ئەرز بەرگەنلىكىنى، ئېرى بەش ياشلىق ئوغلى مېتىننى ئېلىپ قاچقانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى.

— ئوغلۇمنى تېپىپ بېرىڭ، ساقچى تۆرەم، بالام ئۇ مۇتەھەممىنىڭ قولىدا خاراپ بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ قىياپىتىدىن تازا بىر شاللاقلىقى چىقىپ تۇراتتى. ساقچى باشلىقى ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئېرىنىڭ تۇرار جايىنى سوراشتۇردى.

ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، ئىككى ساقچى بىلەن بىر ئادەم ۋە بەش ياشلاردىكى بالا ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. بايىقى خوتۇن بالىنى كۆرۈش بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. ئەمما ئېرىمۇ بوش كەلمىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى مېتىننى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، ئىككى تەرەپكە تارتىشقا باشلىدى. ئۆي ئىچى بالىنىڭ زارلاپ يىغلىشىدىن، ئەر-خوتۇننىڭ قىيا-چىياسىدىن مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى. مېتىننى ئاجرىتىۋېلىشقا ساقچىلارنىڭ كۈچى يەتمىدى. ئۇ ياقتا، بۇ ياقتا تارتقانلىقتىن بالىنىڭ قولى چىقىپ كەتتى-دە، ئاتىسى ئۇنى قويۇۋەتتى.



خوتۇن بالىغا بىر ئۇرۇنۇپ، ئۇنى قولتۇقىدىن ئالدى-دە، كوچىغا ئېلىپ قاچتى. ئېرى كەينىدىن قوغلىماقچى بولۇپ دېۋىنگەن ئىدى، ساقچىلار تۇتۇۋېلىشتى.

— ساقچى باشلىقى ئەپەندىم، — دېدى ئۇ، — خوتۇنۇمنىڭ كىملىكىنى بىلمەيسىز. مېنىڭ مەقسىتىم ئوغلۇمنى خەلققە پايدىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش، بۇ خوتۇننىڭ قولىدا تۇرسا، تەربىيىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ساقچى باشلىقى جاۋاب بەردى.

— بالىنىڭ يېشى بەشتە ئىكەن، ئۇ ئانىسىنىڭ قولىدا تۇرۇشى كېرەك.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس. سوتمۇ بالىنى ماڭا ھۆكۈم قىلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئانىسى...

ئۇ بۇنداق خوتۇنغا بالا تەربىيىسىنى ئىشىنىپ تاپشۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتتى. ئەر-خوتۇن بۇ قېتىم دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئانىسى قولى چىقىپ كەتكەن مىتىننى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقاندا، ئېرى كېلىپ قېلىپ بىر ھۇجۇم بىلەن بالىنى ئېلىپ قاچتى. خوتۇنىمۇ ئۇنىڭغا كەسلەنچۈكتەك ئېسىلدى. مىتىننىڭ بىر قولى تېڭىقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئانا پۇتىدىن، ئاتا بولسا ساق قولىدىن تارتتى. بۇ قېتىم بالىنىڭ باشقا يېرى مېيىپ بولدى، يەنى سول قولى تاغىقىدىن چىقىپ كەتتى. ئېلىشىشتا ئاتا بېسىپ چۈشتى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن چىرقىراپ يىغلاۋاتقان ئوغلىنى سۆرىگىنىچە ئۆزىنى كوچىغا ئاتتى. ئەمدى بالا بىچارىنىڭ ئىككىلا قولى مېيىپ بولدى. لېكىن ئاتا شۇنىڭغىمۇ رازى ئىدى.

— بۇ خوتۇننىڭ تەربىيىسىنى ئالغاندىن كۆرە، بالامنىڭ ئۆمۈرۋايەت مېيىپ بولغىنى ياخشى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەچقۇرۇن كوچا ئۈستىدە ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن چۈشكەن ئايال كوچىدا ئويناپ يۈرگەن بالىلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، مىتىنغا ئېسىلدى. لېكىن شۇ ھامان نەدىندۇر بالىنىڭ ئاتىسى پەيدا بولۇپ قالدى. بالا يەنە ئىككى ئارىدا قالدى. ئۇنىڭ دات-پەريادىنى ئاڭلاپ ئادەملەر توپلاندى.

— بالا بىچارىنى نېمانچە قىينايسىز، خانىم، شۇنداق قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىسىزغۇ، — دېيىشتى يىغىلغانلار.

— ئۇ سولتەكنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ رەسۋا بولغاندىن كۆرە، بۇ يەردە ئۆلگىنى ياخشى! — دەپ توۋلىدى ئانىسى كۈچەپ بالىنىڭ بىر پۇتىدىن تارتىپ تۇرۇپ.

مىتىنمۇ ئۆلگىنى يوق، لېكىن بۇ ئېلىشىشتا ئەر-خوتۇن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن ئىككى تەرەپكە تارتىپ تۇرغىنى ئۈچۈن بالىنىڭ چىتى يىرتىلدى. ئانا بالىنى باغرىغا بېسىپ ماشىنىغا سېلىپ قاچتى.

مىتىن بىر ئاي دوختۇردا يېتىپ چىقتى. ئانا قولتۇق تاياقتا چىققان ئوغلىنى سۆيۈپ باغرىغا باستى.

— بوتام، — دېدى ئانىسى، — ئۆزۈم خار بولۇپ يۈرسەممۇ، سېنى ئەلۋەتتە ئادەم قىلىمەن.

سوت ئەر-خوتۇننىڭ ئاجرىشىش ھەققىدىكى ئەرزىنى كۆرۈۋاتقان كۈنى، زالدا غەۋغا باشلاندى. خوتۇن بالىنى ئېلىپ قاچقان ئەرنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. دەل پەلەمپەيگە بارغاندا ئۇ ئېرىگە چاڭگال سېلىپ، بالىنى ئۇنىڭدىن يۇلۇپ ئالدى. يۇلۇپ ئالدى-دە، پۇتلىشىپ كېتىپ، قولىدىكى مىتىن بىلەن بىللە پەلەمپەيدىن دومىلاپ چۈشتى. بېشى يېرىلغان بالا ھوشىدىن كەتتى.

خوتۇن ئورنىدىن قوپۇپلا، ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى، كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىشى بىلەن كەينىدىن ئېرى يېتىپ

كەلدى. بىرى بالىنىڭ بېشىدىن، ئىككىنچىسى پۇتىدىن تارتتى. تېخى ھوشىغا كەلمىگەن مېتىن ئاغرىق ئازابىنى سەزمەيتتى.

— بالامنى ساڭا بەرمەيمەن!

— بەرمىگىنىڭنى كۆرىمەن!

ساقچى ئوتتۇرىغا چۈشتى. كېيىن مېتىننى ئاتىسى ئېلىپ كەتتى.

ئۇزۇن داۋالىنىشتىن كېيىن، مېتىن ساقىيىپ چىقتى. بەزى جاراھەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بالا ساق ئىدى. ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىككى قېتىملىق ئېلىشىشتا ئۇنىڭ ئىككى قولى مېيىپ بولدى. ئەر-خوتۇننىڭ ئۈچىنچى توقۇنۇشىدا مېتىننىڭ پۇتى سۇنۇپ، تاختىغا ئېلىندى. سۇنغان پۇت، يەنە بىر پۇتتىن ئۈچ سانتىا قىسقا بولۇپ قالدى. ئاتا-ئانىنىڭ بۇرۇنقى ھەممە ئىشلىرى كېيىنكىسىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەستى. بېشى بىلەن پەلەمپەيدىن دومىلىغان بالا بىر كۆزىدىن ئاجرىدى. ئۆزى بولسا پۈتۈنلەي تەلۋە بولۇپ قالدى.

سوت بالىنى ئانىغا ھۆكۈم قىلدى. ئاتا ھۆكۈم ئۈستىدىن شىكايەت يازدى. كېيىن نەتىجىسنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئوغلىنى سابىق خوتۇنىدىن ئېلىپ قاچتى، ئەمما ئاخىرقى پەيتتە ئىشلىرى يۇرۇشمەي قالدى. ئۇ ئاتىسنى تونۇماي قالغان مېتىننى ئۆيگە ئېلىپ كىرەي دەپ تۇرغاندا، كەينىدىن خوتۇنى يېتىپ كەلدى.

يېرىم كېچىدە قىيا-چىيا باشلاندى. بىچارە مېتىن بىر نەچچە قېتىم قولدىن-قولغا ئۆتتى. غەۋغانى ئاڭلاپ، كوچا قاراۋۇلى بىلەن ساقچى يۈگۈرۈپ كىردى.

— ئاۋۇنچىغىمنى بۇ زالىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ بېرىڭ! — ئۇلارغا يېلىندى خوتۇن، — مەن ئۇنى چوڭ ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيمەن.

مېتىن ھۆكىرەپ يىغلايتتى.

— ۋاي شەرمەندىيەي، مەن ئۇنى ۋەتىنىم ئۈچۈن تەربىيىلەيمەن دېسەم بەرمىدى، — پۇشۇلدايتتى ئاتا خوتۇنىنىڭ قولىدىكى بالىنى بوينىدىن تارتىپ.

بۇ ئېلىشىشتا قولىقىدىن ئاجراپ، قوۋۇرغىسى سۇنغان مېتىن ئانىسىدا قالىدىغان بولدى. بىراق ئانىنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى، ئالىي سوت ئاتىسىنىڭ داۋاسىنى توغرا دەپ تېپىپ بالىنى ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ بەردى. ئۇ ساقچىنىڭ ياردىمى بىلەن مېتىننى ياندۇرۇۋالدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ياندۇرۇپ ئالدى دېيىش ئانچە توغرا ئەمەس. ئانا بالىنىڭ ئىككى مېيىپ قولىدىن تۇتۇپ داتلىدى:

— ۋايجان، ئۆلۈگۈمنى ئالساڭمۇ بالامنى ئالالمايسەن، سەن ئۇنى رەسۋا قىلىسەن!

— قويۇۋەت دەيمەن. شاللاق! — بوش كەلمىدى ئاتىمۇ، — قويۇۋەت بۇنى، مەن ئۇنى ئادەم قىلىمەن.

ئاقىۋەت، ساقچى ئوتتۇرىغا چۈشتى، بولمىسا بالىنى ئانىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالالمايتتى.

* * *

مېتىن ئۈچۈن بولغان ئېلىشىش ئاخىر تۈگىدى.

مېتىن ئۇرۇش-جاڭجالدا ھەم بېشىدىن، ھەم پۇتىدىن ئاجرىدى، ياكى تارازىنىڭ ئىككى پەللىسىدە بۆلۈنۈپ، يېرىمى ئاتىدا، يېرىمى ئانىدا قالدى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى تارتىشىش ئۇنىڭ ئالەمدىن كۆز يۇمۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئاتا ۋەتەنگە مۇناسىپ پەرزەنت تەربىيەلەپ بېرىش نىيىتىدە باشقىدىن ئۆيلەندى. ئانا بولسا ھازىر ئىككى قات. ئۇنى ئەلۋەتتە كاتتا ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

ئاپتورنىڭ «غارايىپ باللار» ناملىق توپلىمىدىن

**ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرجىمىسى**

# ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىختىيارىي مۇخبىرى)

**زۇنۇن باقى**

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى 1993-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سەنئەت ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

يىغىنغا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى، سەنئەت ئىجادىيەت-تەتقىقات تارماقلىرى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ئىجادىيەت، رېژىسسورلۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل يولداشلار ھەمدە سەنئەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، ئالىملار بولۇپ يۈزدىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى.

يىغىننىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشا ئىشان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەنسەردىن مۇسا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

بەش كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىندا، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى يولداش ۋاڭ چېڭۋېننىڭ مەدەنىيەت نازارىتىگە ۋەكالىتەن بەرگەن «ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. بۇ دوكلاتتا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى سەنئەت ئىجادىيىتى خىزمىتى خۇلاسىلەنگەن، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىدا جۈملىدىن سەنئەت ئىجادىيىتى خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تەجرىبىلەر يەكۈنلەنگەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۈللەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىك ۋە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا قارىتا بولۇپمۇ مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ جۈملىدىن سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە شۇنداقلا ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان يېڭى ئېھتىياجىغا دېگەندەك ماسلىشالماسلىقتەك ئەھۋاللارغا قارىتا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا يېڭى، ئەتراپلىق ۋە كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇن، يېقىندا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك مەدەنىيەت نازارەت (ئىدارە) باشلىقلىرى يىغىنى» نىڭ ئاساسىي روھىنى يەتكۈزدى.

يىغىن مەزگىلىدە، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى روھىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ جۇملىدىن ئۆز رايونى، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى ۋە سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا قىزغىن سۆھبەتلەشتى، سەنئەت ئىجادىيىتى خىزمىتىدىكى تەجرىبە ۋە تەسىراتلىرىنى كەڭ تۈردە ئالماشتۇردى، سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان شارائىتتا، قانداق قىلىپ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىش مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنى جۇملىدىن سەنئەت ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدە: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ بىر خىللا بولۇپ كېتىپ، بازار ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىقتەك ئەھۋالىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى تەكلىپ؛ ئاساسىي قاتلام سەنئەت ئىجادىيىتى خىزمىتى ۋە ئاممىۋى ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ؛ سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى قوشۇنىنى تۇراقلاشتۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپ؛ «رېژىسسورنى مەركەز قىلىش تۈزۈمى» نى ئورنىتىش ۋە «سەنئەت ئىجادىيىتى كومىتېتى» قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ قاتارلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇقتىلىق تىياتىر (ئويۇن) نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش پىلانى، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ۋە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان سەنئەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش چارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئىجادىيىتى فوندى جەمئىيىتىنى قۇرۇش قاتارلىق مەسىلەر مۇزاكىرىگە قويۇلۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىدىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىندى.

يىغىن قاتناشچىلىرى مۇنداق دەپ قارىدى: ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، سەنئەت ئىشلىرىمىزدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك يېڭى دولقۇن جەزمەن بارلىققا كېلىدۇ. سەنئەت ئىجادىيىتى مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى ھەم ئالدىنقى شەرتى. بىز مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، سەنئەت ئىجادىيىتىنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز، سەنئەت ئىجادىيىتىدە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، سەنئەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، سەنئەت ئىجادىيىتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئېسىل بەدىئىي ئەسەر ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق سەنئەت خادىملىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق سەنئەت ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

يىغىن ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن جۇملىدىن سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملاردىن پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە دائىر سىياسەت، فاڭجېنلىرىغا ئەمەل قىلىپ، تۇرمۇشقا، ئاممىغا ۋە ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، داdilliq بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ھەممە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە نادىر ئەسەرلەر كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارلىقىدا تېخىمۇ كۆركەم، رەڭگا-رەڭ گۈللەرنى پۈرەكلەپ ئېچىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى فېڭ داجېنلار قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.



ئىشتىياق

جۆرى قادىر فوتوسى

قەدىمى كەنت (ماي بوياق)   ئابدۇشۈكۈر كېرەم سىزغان



《新疆文化》综合性文学双月刊（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 1993-يىل 3-سان

编辑：《新疆文化》编辑部·
出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
排版：《博格达》电子排版中心·
印刷：乌鲁木齐市印刷厂·
发行：乌鲁木齐市邮局·
订阅：各地邮局（所）··

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى.
ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى.
«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى.
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65—1073/1
本刊代号：58—22 定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1073/1
ۋەكالەت نومۇرى: 22—58. باھاسى 0.50 يۈەن